كەرىمە نادىر (تۈركىيە)



# سامانيولى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: راخمان مامۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-07750-4

9 787228 077502 >

ISBN 7-228-07750-4
I·2744(民文)定价:10.00元

كەريمە نادىر (تۈركىيە)

# سامايولى

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى ئىللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

银河/(土)凯利玛·纳德尔著;托合提阿吉·提拉译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.12
ISBN 7—228—07750—4

Ⅰ.银… Ⅱ.①凯…②托… Ⅲ.长篇小说—土耳其—
现代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I374.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第100108号

责任编辑: 热合曼·马木提

银河(维吾尔文)

(土耳其)凯利玛·纳德尔 著

托合提阿吉·提拉 译

新疆人民出版社

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)

新疆新华书店发行

新疆乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷

850×1168毫米 32开本 6.5印张

2003年3月第1版 2003年3月第1次印刷

印数:1—3000

ISBN7—228—07750—4/I.2744 定价:10.00元

بۇ كىتاب ئىستانبۇل ياشلار نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据伊斯坦布尔青年出版社 1985 年出版的土耳其文版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت

# سامانيولى

ئاپتورى: كەرىمە نادىر (تۈركىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: توختى هاجى تىللا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا مەتبەئە ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.5
2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN7 — 228—07750—4/I.2744
باھاسى: 10.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

كەرىمە نادىر تۈركىيىنىڭ هازىرقى زامان داڭلىق ئايال يازغۇچىسى. ئۇ 1917 ـ يىلى ئىستانبۇلدىكى دېڭىز قاتنىشى شىركىتىنىڭ بوغالتىر مۇتەخەسسىسى نادىر ئازراقنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1935 ـ يىلى فرانسۇز قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن.

كەرىمە نادىر 1935 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويغان. ئۇنىڭ دەسلەپ يازغان شېئىر ۋە نەسىرلىرى «ئويغىنىش» «يېرىم ئاي» ناملىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ پسىخىك تەسۋىرىي ئۇسلۇبىدىكى مۇھەببەت رومانلىرىنى يېزىش بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان، بەزى ئەسەرلىرى سېنارىيىلەشتۈرۈلگەن.

كەرىمە نادىرنىڭ «يېشىل نۇر» ناملىق تۇنجى رومانى 1937 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇ هازىرغىچە «كۆڭۈل جاراھىتى» «ئۇيقۇسىز كېچىلەر» «ئۆكسۈش» «كۆڭۈل ئوغرىسى» «مۇھەببەتكە توۋا» «بەربات بولغان ئۈمىد» «ئەسىر قۇش» «سولغان ھايات» «سامانيولى» «مۇھەببەت ھەسرىتى» ... قاتارلىق قىرىق نەچچە رومان ـ پوۋېستلارنى يازغان.

# مۇقەددىمە

كەچكۈزنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش
نۇرى ئورمانلىقنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى، سولغان چىمەنلىكت
سەيلە قىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرىمۇ بارغانسېرى ئۇزار
ماقتا ئىدى.

پۈتۈن ئاۋازلار بېسىققان، يىراق بىر جايدا كوچىلارنى ئارد
لاپ يۈرگەن قېتىقچىنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاۋازى
بۇ هارغىن ئاخشام جىمجىتلىقىغا بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك قو
شۇپ تۇراتتى.

ئورمانلىقنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان چوڭ يولنىڭ ئايىغىد
بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇ ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋا
تاتتى.

ئۇ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانلارغا زەن سالماي ئۆتۈ
كەتتى ۋە يولنىڭ بويىدا ئۆسۈپ قالغان بىر تۈپ بۆلدۈرگەننىڭ
كەينىدىكى دۆڭگە چىقىپ، بىلىكىدىكى پەلتوسىنى يەرگە تاشلاپ
قۇرۇغان چۆپلەر ئۈستىدە ئولتۇردى.

ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەمنىڭ چاچلىرىغا ئاق
سانجىغانىدى، چىرايى هارغىن كۆرۈنەتتى. قورۇق باسقان كەڭ
پېشانىسىدىن قاتتىق جاپا چەككەن ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈ
تۇراتتى.

ئۇ بىر تۈپ چىنارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقلارغا كۆ
تىكتى.

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە جىددىي، لېكىن
هاياتتىن بەزگەندەك بىر خىل قاراش ئەكس ئېتەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يولدا ئىككى بالا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ

ىرى ئۇنبەش ياشلاردىكى زىلۋا، قوڭۇر چاچ بىر قىز ئوقۇغۇ-
چى، يەنە بىرى ئۇن يەتتە ياشلاردا بار بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بوي
ىر ئوغۇل بالا ئىدى.

ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز قىلىشماي ئەتراپقا كۆز يۇگۇرتۇپ
ېڭىشىدىن بىرەر خىلۋەت جاي ئىزدەۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.
ئۇلار بۆلدۇرگەننىڭ تۆۋىدە توختاشتى. بۇ يەردە كىچىك بىر
ئازگال بار ئىدى. قىز ئازگالغا يىغىلىپ قالغان غازاڭلارنى قولى
بىلەن تازىلىۋەتتى، ئاندىن يىگىتكە قاراپ:

— كەل! — دېدى يۇمشاققىنا.

ئۇلار سومكىلىرىنى يانلىرىغا قويۇپ يېقىن ئولتۇرۇشتى.

قىزچاق خۇشال، ئوغۇل روھسىز كۆرۈنەتتى. ئۇلار
ئۇن - تىن چىقارماي بىر - بىرىگە قارىشىپ بىردەم تۇردى.
ئاخىر يىگىت قىزچاقنىڭ نازۇك قوللىرىنى ئاستا ئالقىنىغا
ېلىپ، يىغلامسىرىغاندەك تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— بىر قارارغا كەلدىم... — دېدى.

قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى

— نېمە قارارغا كەلدىڭ؟

يىگىت نازۇك بارماقلارنى ئويناپ تۇرۇپ:

— ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى — ...
دېدى ۋە مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ، زېرىككەن قىياپەتتە چىرايىنى
پۇرۇشتۇرۇپ قويدى، — ئوقۇش ياخشى ئىش، لېكىن مېنىڭ
ئۇنىڭغا تاقىتىم يوق، سېنى شۇنچىلىك سۆيىمەنكى، قەلبىمدىن،
كۆز ئالدىمدىن ۋە خىيالىمدىن بىردەممۇ خالىي ئەمەسسەن،
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىغان ئىشقىي ئوتۇڭدا كۆيۈپ ئۆلمەكتى-
مەن... ياق، ئەمدى ئوقۇشتىن ۋاز كېچىمەن!...

يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى تەئەججۇپ بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان قىز:

— ئوقۇماي نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟ — دېدى.

— يىللار بويى پۈتمەس يۈك ئاستىدا سېنى كۈتمەك-

چىمەن... كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان گۈزەل سىياقىڭغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىمنى دەرسلىك كىتابلارنىڭ قۇرلىرى ئارىسىغا كۆممەكچىمەن.

قىز يەنە تەكرارلىدى:

— ماقۇل، كېيىن نېمە قىلىسەن؟

— كېيىنمۇ؟...

ئۇلار بىر ئادەمنىڭ شەپىسىنى تۇيغاندەك جىم بولۇپ ئەتراپىغا قاراشتى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن قىز يەنە گەپ باشلىدى:

— ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋالساڭ بەك ياخشى بولاتتى... مەن ئوقۇيمەن، دادامنىڭ تەلىپىمۇ شۇ.

— نېمە ئۈچۈن مېنى چۈشەنمەيسەن، سەما؟ سېنىڭ ئىشقىڭدا كېسەل ئادەمدەك بولۇپ قالدىم، قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ. ئاھ... سېنى نېمىشقا شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن!

قىز ۋىللىدە قىزاردى.

— سالاھ!... — دېدى ئۇ، — سېنى چۈشىنىمەن، بىراق تۇتقان يولۇڭ خاتا... مەنمۇ سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن، ئەمما ئوقۇشتىن ۋاز كەچمەيمەن!... ئوقۇش باشقا، مۇھەببەت باشقا گەپ... سەن نېمىشقا ئىشەنچىڭنى بۇنچىۋالا يوقىتىسەن؟ بىز بىر - بىرىمىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈشكە، ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ياشاشقا قەسەم قىلمىدۇقمۇ؟...

يىگىت غەمكىن ھالدا بېشىنى سىلكىدى. كۆزلىرى يىراقلاردىكى ئۇپۇق قىزىللىقلىرىغا تىكىلگەندى.

— چۈشەنمەيسەن، كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسەن!... — دېدى يىگىت ئاستاغىنە.

بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەتراپتىكى قىزىللىقـ

لار تارقىلىپ، گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى.
قىز ئالدىراپ قالدى، ئۇ بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا ئەندىشىلىك كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:
— كەچ كىرىپ كېتىپتۇ، ئەمدى قايتايلى، — دېدى.
يىگىتنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى، ئۇ مەيۈسلەنگەن هالدا ئۆيگۈنگە يەر تېگىدىن قاراپ دېدى:
— تېخى ئەتىگەن… ئاپاڭ سەندىن ئەنسىرىمەيدۇ…
ئۇلار يەنە جىم بولۇپ قالدى، بىر پەستىن كېيىن يىگىت ئەسكىن تۇردە دېدى:
— قارارىمدىن يانمايمەن، سەما! … بۇندىن باشقا چارە يوق، — ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ قوشۇمچە قىلدى، — تاغام ئاڭا ماگىزىندىن ئىش بېرەر… ئائىلەڭ سېنىڭ توي قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلغۇچە شۇ يەردە ئىشلەپ تۇرسام بولمامدۇ؟
قىز دەرهال جاۋاب قايتۇرماي، سەل ئوڭايسىزلىنىپ:
— ئۆزۈڭ بىل… — دەپلا قويدى.
— مەندىن رەنجىۋاتامسەن نېمە، سەما؟ مەن نېمە بولۇپ كەتسەممۇ، مېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىسەنغۇ - هە؟…
— ئەلۋەتتە شۇنداق! … لېكىن…
— سۆزۈڭدىن يېنىۋالامسەن؟
— ياق، ياق! خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن باشقا هېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن… لېكىن مېنى دەپ ئوقۇشنى تاشلىشىڭنى خالىمايمەن، سالاھ…
— مەن سەن ئۈچۈن ياشايمەن، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.
يىگىت بېشىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، بىر هازاغىچە دەرەخت قوينىغا چۆمگەندەك بولدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:
— مەيلى، خالىساڭ قايتىپ كەت، — دېدى.
— سەن قالامسەن؟
— هە! …

قىز ئۇشتۇمتۇت يىگىتنىڭ بويىنغا گىرە سېلىپ ئۇنى چو كۇلدىتىپ سۆيەي، ئاندىن سومكىسىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى

يۈرىكىگە ئاشقلىق ئوتى تۇتاشقان يىگىت تۇرغان يېرىدە داڭقېتىپلا قالدى. بىر پەستىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، بايا مەشۇقى سۆيگەن يەرنى ئىزدىگەندەك يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: «ئۇھ، بەخت» دەپ شىۋىرلىدى.

بۇ چاغدا يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بەختكە بۇ يول بىلەن ئېرىشەلمەيسەن، ئوغلۇم!

بالا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى، بايىقى بۆلدۈرگەننىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغان ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— كىم بولىسىز؟

— ساڭا يات ئادەممەن... لېكىن ماڭىدىغان يولۇڭنى بىلىمەن، شۇڭا ساڭا ياردەم قىلماقچىمەن.

— بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپسىز - دە؟

— شۇنداق! ھە دېگەندىلا سېنىڭ بىر پالاكەت بوسۇغىسىدا تۇرغىنىڭنى بىلدىم - دە، سۆزلىرىڭلارنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ تۇردۇم.

بالا ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئاجايىپ بىر قىزىقىش بىلەن سورىدى:

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئېيتىپ باقسىڭىزچۇ؟..

— بولىدۇ! لېكىن ئالدى بىلەن ئاتا - ئاناڭنى سورىماقچىمەن.

— مومام بىلەن ئۆگەي ئاپام بار!

— ئاناڭچۇ؟

— ئۇ خۇسۇسىي ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمايدۇ.

— دېمەك ئوغلۇم، تۇرمۇشتا ساڭا يول كۆرسىتىدىغ ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن خاتا يولغا كىرىپ قاپسەن - دە

بالىلارنىڭ قەلبى پاك، ئىرادىسى ئاجىز بولىدۇ... ساڭا بىر ئاتىدارچىلىق قىلىپ قوياي...

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، مەن ئۆزۈمنى باشقۇرۇشنى بىلىمەن، بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولغايسىز. ئەگەر مەقسىتىڭىز مېنى قارارىمدىن قايتۇرۇش بولسا، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى يىگىت سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ.

— ئاڭلا ئوغلۇم! ھازىر سېنىڭ تۇرمۇشنى ئاددىي چاغلايدىغان مەزگىلىڭ. بۇ مەزگىل شېرىن خىيال دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. گۈزەل ئىستىقبالىڭنى ئويلاش، ھەممىشە خەيرلىك چاغنى كۈتۈش ياخشى ئىش بولسىمۇ، بۇ كۆپ چاغلاردا كىشىنى خاتا يوللارغا باشلاپ، ئاچچىق پۇشايمانغا قويىدۇ...

يىگىت مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن سۆزىدىن يانمايدىغان بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن، — دېدى ئۇ، — ئىستىقبالىمنى ئاللىقاچان ئويلاپ قويدۇم. بۇندىن باشقا چارە يوق. سۆيگۈنۈمنىڭ سۆزىدە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!...

ئۇ ئادەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئاچچىق كىنايە كۆرۈنەتتى.

— تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقىنى چاچلارغا ئاق كىرمەي تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — قىلغان چىرايلىق ۋەدىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئوغلۇم! ئادەم بالىسىدىن ۋاپاسىزلار چىقىدۇ!... جاھاندا ساڭا مەڭگۈ سادىق بولىدىغان ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلما. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ ساداقىتىڭگە كۆلىدىغانلارمۇ چىقىدۇ... ئۇلار سېنىڭ ھەشەمەتلىك، مەرتىۋىلىك بولۇشۇڭنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەر قانچە قابىلىيەتلىك بولساڭمۇ بىكار... ئوقۇغىن! كېيىن پۇشايمان يەپ قالماسلىق، ئىشلىرىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئوقۇغىن...

يىگىت بىرئاز ئويلىنىپ قالدى.

— پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن —! دېدى ئۇ ئاستاغىنە.

— بۇ ئېھتىماللىق ناھايىتى ئاز!... نېمە ئۈچۈن بۇ خەۋپنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك؟... بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن...

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ھازغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. يىگىتتە بىقارارلىق ۋە ئەسەبىيلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— بىراق، دەرسلەرگە تىرىشقۇدەك رىغبىتىم يوق! — دېدى ئۇ بىردىنلا.

بۇ سۆزلەر ئۇ ئادەمدە تۈيۇقسىز بىر پىكىر قوزغىدى:

— مەن ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدىغان بىر نەرسە بېرەي. بۇ دەل سەن ماڭماقچى بولغان يولدا ماڭغان بىر كىشىنىڭ خاتىرىلىرى. ئۇنى ئوقۇساڭ قارارىڭدىن جەزمەن قايتمىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن!

يىگىت سەل ھەيران بولدى ۋە كۈلۈمسىرەپ:

— غەمخورلۇقىڭىزغا كۆپ رەھمەت... ئۇنى قاچان ئالىمەن؟ — دېدى.

— ئەتە كەچتە!

ئەتىسى كەچتە ئۇلار دەل شۇ يەردە ئۇچراشتى، ئۇ ئادەم يىگىتكە قەغەزگە بولاقلىق بىر نەرسىنى سۇندى.

— بۇ خاتىرىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشۇڭنى سورايمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ ھېكايىنىڭ ساڭا پايدىسى تېگىدۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈشەيلى!...

بالا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى - دە، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كەلدى ۋە ھۇجرىسىغا كىرىپلا بولاقنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

# 1

**بۇ خاتىرىلىرىمنى مىسلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئانامغا بېغىشلايمەن**

«زۇلال ھامىمامنىڭ قىزى. ئۇنىمۇ سەن ماڭا ئوخشاشلا ۆرمىدىڭ، بىلمەيسەن ئانا!

بىز زۇلال بىلەن بىر ئۆيدە چوڭ بولدۇق، بىر مەكتەپتە قۇدۇق، كېيىن ئوقۇش يوللىرىمىز بىزنى بىر - بىرىمىزدىن يىرىۋەتتى.

ئىككىمىز زادى چىقىشالمايتتۇق، بەزىدە جېدەللىشىپ قا- تتۇق. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، يېشىممۇ چوڭىيىپ باردى، خىر كۆچىيىپ بېرىۋاتقان مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا باغلىنىپ لدىم.

دادام مېنى فرانسۇز مەكتىپىگە بەرگەنىدى. ئۆزۈممۇ تى- شچان ئىدىم. مېنى شېرىن خىيال ئالىمىدىن خالاس قىلىدىغان رسلەر ئۇستۇمدە ئېغىر يۈكتەك بېسىپ تۇراتتى.

زۇلالغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن يېشىمغا ماس كەلمەيدىغان ىدىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيتتىم. بۇلار كاللامنى چىرمىۋېلىپ ھىي ھالىتىمنى بۇزۇپ تاشلىغانىدى. ئۆزۈمچىلا روھسىزلىنى- ىغان، سەۋەبسىزلا كۈلىدىغان، يىغلايدىغان، چېچىلىدىغان بو- پ قالدىم.

بۇ ئەھۋالىمغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. دادام مېنى ئايدا ر كۆرەتتى. ھامامام مېنىڭ چوڭ بولغانسېرى مىجەزىمنىڭ ساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. ماڭا ھەر الدا بىرخىل مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقىنى يەنىلا زۇلال ئىدى. راق ئۇمۇ بەزىدە ئاچچىقلاپ، چىشى قېرىشقان ھالدا ياقىسىنى تۇپ: «سەنزە... تازا تەنتەك بىر نەرسە بولدۇڭ، سەن بىلەن

چىقىشقىلى بولمايدۇ! ...» دەيتتى.

ىرانسۇز مەكتىپىگە كىرىپ بەشىنچى يىلى كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم، ئاخىر ئىمتىھانلارغا قاتنىشالماي، سىنىپتا قالدىم، بۇ ئەھۋال ئوقۇشتىن خوشلىشىش قارارىمنىڭ جەزمەنلىشىشىگە سەۋەب بولدى.

ئەخمەقلىق قىلغىنىمنى چۈشەنمەي مەكتەپتىن ئايرىلدىم.

دادامنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى. بىراق، ماڭا سۆزىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ: «نېمە قىلساڭ قىل!» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ھاممام بولسا تەربىيە بېرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خىيالىمدىن تارىخ كىتابىدىكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان سۆزلەر، ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرىدىغان ماتېماتىكا رەقەملىرى كۆز ئالدىمدىن قارا بۇلۇتتەك ئۆتۈشكە باشلىدى، ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ: «بولدى ئەمدى! بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!» دېدىم.

ئەمدى مەندە سەرگەردانلارچە مەنىسىز ھايات باشلانغانىدى. بۇ ھالىمنى ھېچكىم ياقتۇرمىدى. ئۆزۈممۇ ئىنتايىن خاپا ئىدىم، روھىي دۇنيايىمدىكى يۇقىرىغا ئۆرلەش، ھېچكىم چىقالمايدىغان چوققىلارغا چىقىش ئارزۇلىرىمغا زىت كېلىدىغان ھاياتنىڭ مۇنداق كۆڭۈلسىز ئېقىمىغا غەرق بولۇش غۇرۇرۇمغا ۋە ياشاش ئارزۇيۇمغا ئېغىر زەربە بولدى.

زۇلالنىڭ ھاياتىمدا ئوينىغان رولىدىن ئۆزىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈن ئاز ئۇچرىشاتتۇق. بىر ـ بىرىمىزدىن يىراق ياشاش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارىمىزدىكى چىقىشالماسلىقلارنىمۇ تۈگىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ماڭا كۆيۈنمەيدىغان ۋە مېنى بىر ئازمۇ قەدىرلىمەيدىغان بوپقالدى. بۇ ھالدىن ئىنتايىن كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلاتتىم.

بۇ سەرگەردانلىق ھايات مەن ئەسكەرلىككە كەتكۈچە داۋام

قىلدى.

ساقچىدىن ئەسكەرلىككە چاقىرىلغان كۈنى، ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم خاپا بولدۇم. خۇشال بولۇشۇم، بىر مەزگىل قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشاشتىن قۇتۇلاتتىم، خاپا بولۇشۇم، زۇ-لالدىن يىراققا كېتەتتىم!...

ئاھ... ئىككى يىللىق ئەسكەرلىكنىڭ ھەسرىتى! ... تۇزلادا بولغان كۈنلىرىمىزدە ئارىلاپ - ئارىلاپ ساھىلغا كەلسەم كۆڭلۈم گويا ۋۇلقان پارتلىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. كېچە - كۈندۈز زۇلالنى ئويلايتتىم، چۈشلىرىمدە ئۇنى كۆرەتتىم.

نۇرغۇن خەتلەرنى يازدىم، لېكىن ھېچقايسىسىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇ خەتلەر ھەسرەت ۋە دەرد - ئەلەم پەريادلىرى بىلەن تولغانىدى.

بۇ ئىككى يىل ئىچىدىكى چوڭ ئىش زۇلالنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈشى بولدى. بۇنىڭغا خۇشال بولدۇم. راستىنى ئېيتسام، بىرئاز ھەسەتمۇ قىلدىم.

ئۇنى تەبرىكلەپ يازغان خېتىمدە تۇنجى قېتىم ھېسسىياتلى-رىمنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلدىم. تەبرىكلىرىمنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن تۆۋەنكى قۇرلارنى قوشۇمچە قىلدىم:

«... بۇ بەختلىك كۈنۈڭدە يېنىڭدا بولالمىغىنىمغا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم. يىراقتا بولساممۇ، بۇ خۇشاللىقىڭغا چىن كۆڭلۈم-دىن ھېسداشمەن، زۇلال! ...بۇ يەردە تارتىۋاتقان ئازابلىرىمنى سېنى ئويلىغىنىمدىكى شېرىن ھېسسىياتلىرىملا يېنىكلەشتۈرۈ-دۇ! سېنى ئويلاش ھاياتىمنىڭ بىردىنبىر تەسەللىسى! ... ئۇنداق بولمىغاندا ماڭا ھاياتىمنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن!»

زۇلالنىڭ بۇ خېتىمگە يازغان جاۋابى تولىمۇ جايىدا بولۇپ، مۇنداق بىر جۈملە بىلەن ئاياغلاشقانىدى:

«... ئازابلىرىڭنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشىنىمەن، ساڭا ئېچى-نىمەن، سېنى ئويلايمەن...»

ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۇ مېنى بىر ئاخشامنىڭ كىرىمسەن قاراڭغۇلۇقىدا باغچىدا كۈتۈۋالدى. ئۇ مەن بىلەن خۇشال - خۇرام پاراڭلاشتى، بىراق مېنى بىر مۇنچە سوئاللار بىلەن قىينىدى. ماڭا زادى سەممىمىي كۆرۈنمىگەن بۇ ھەردىكەتلىرى يۈتۈن ئۈمىدىمنى بەربات قىلغان، ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى چۈشەندۈرگەندى. ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا زۇۋانىم تۇتۇلۇپ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا قالدىم.

مەن قايتىپ كەلگەن ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى زۇلالنىڭ بىرقانچە دوستى كەلدى. مەن ھۇجرامدىن چىقمىدىم.

كەچ كىرگەندە، ئارقا ئىشىكتىن ساھىل كۆۋرۈكىگە چىقتىم. بۇ چاغدا مېھمانلار ئۇزاپ چىققانىدى. زۇلالنىڭ ئۇلارنى ئۇزاتقان ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلىدىم.

باغچا ئىشىكىنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى ۋە زۇلالنىڭ ناخشا ئېيتىپ داچا بىناسى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

زۇلال خاپا بولغان قىياپەتتە ماڭا قارىدى ۋە:

— باياتىن قەيەردە ئىدىڭ؟ — دېدى.

— ھۇجرامدا، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— نېمە ئۈچۈن يېنىمىزغا كىرمىدىڭ؟

— دوستلىرىڭنىڭ يېنىغىمۇ؟

— شۇنداق...

— بۇنداق ئىشقا ئادەتلەنمىگىنىم ئۈچۈن خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ.

— كونا ئادەتلىرىڭنى تاشلىيالمايدىكەنسەن - دە، لېكىن يېڭىلىقلارنىمۇ ئاز تولا ئۆگىنىشىڭ كېرەك!

ئۇ مېڭىشقا تەمشىلىپ يەنە قەدىمىنى توختاتتى - دە:

— كەل، بۇ يەردە بىرئاز ئولتۇرايلى، — دېدى.

ئۇ ساھىل تۈۋرۈكىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى، بىز بىر - بىرىمىزگە يېقىن ئولتۇردۇق.

كۈن ئولتۇرغانىدى. دېڭىز يۈزىدە قىزغۇچ قارا كۆلەڭگە داۋالغۇپ تۇراتتى. قارشى تەرەپتىكى قىرغاقلار بىنەپشەرەڭ تۇمان ئاستىدا قالغانىدى.

بىردەم جىمجىتلىقتىن كېيىن زۇلال:

— ئەمدى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دېدى.

— قانداق دېيسەن؟ — دېدىم مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي.

— يەنە مۇشۇنداق مەنىسىز ياشىماقچىمۇ سەن؟

مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ماڭا: «سېنى يەنە قاچانغىچە باقىمىز» دېگىنى ئەمەسمۇ؟...

— بىرەر ئىش تاپارمەن، — دېدىم مەن.

— ئەستايىدىل ئىزدەنمەيۋاتىسەن.

— بىرئاز دەم ئېلىۋالاي دەيمەنا.

— دەم ئالساڭ ئال، لېكىن ئايلاپ ئەمەس - دە!

بۇ سۆزلەرمۇ غورۇرۇمغا تەگدى.

— سىلەرگە كۆپ قەرزدارمەن، — دېدىم مەن قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — ماڭا قىلغان ئەجرىڭلارنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن قايتۇرالمايمەن. ھاممامنىڭ سايىسىدە بۇ كۈنگە كەلدىم، ئەمدى ئېغىر كەلگەنلىكىمنى يۈزۈمگە سالمىساڭمۇ بۇنى بىلگۈچىلىكىم بار ئىدى!...

ئۇ بىردىن جىددىيلىشىپ قالغاندەك بولدى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىپسەن، نىجات! — دېدى.

— توغرا گەپنى قانداقمۇ خاتا چۈشىنەي؟

— شۇنداق، خاتا چۈشىنىپ قاپسەن! مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، سەن بىلەن سەمىمىي سۆزلەشمەكچى...

— ساڭا ئېيتىپ قويااي، ئاز كۈندە يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىمەن!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولۇمنى تارتقانىدى، ئۇنىڭغا قارىماي يۈرۈپ كەتتىم.

پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىمنى تۇتالمىدىم. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ھۆكۈم سۈرگەن ھۇجرامغا كىردىم، ئاندىن يوتقانغا پۈركىنىپ، يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان دەرد - ئەلەمنى باسالماي يىغلاشقا باشلىدىم...

## 2

شۇ كېچىلا يولغا چىقىپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئىستانبۇلغا يېتىپ باردىم. دادامنىڭ ئىلگىرى ناھايىتى يېقىن ئۆتىدىغان بىر-ئىككى دوستى مېنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار بىرەر يول كۆرسىتىشى ياكى چوڭراق بىر ياخشىلىق قىلىشى مۇمكىن دەپ قارايتتىم.

ھالبۇكى، يېڭىلىپتىمەن!... بۇ زىيارەتلەردىن ئالغان پايدام بىر - ئىككى قۇرۇق ۋەدە ۋە قۇرۇق تەسەللى بولدى.

بېرىشىمدىن يېنىشىم تېز بولدى. ئەلەمدىن كۆزلىرىم ياشلانغان ھالدا كۆڭۈلسىز قايتتىم. بوغاز كۆۋرۈكىگە يېقىن بارغىنىمدا، تۇيۇقسىز بىرى بىلىكىمدىن تارتقاندەك قىلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئېگىز بويلۇق، ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر ياش ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇنىڭ چىرايى ماڭا تونۇش ئىدى. مەن ئەسلەشكە ئۈلگۈرمەيلا ئۇ ئىككى قولۇمنى تۇتۇپ:

— نىجات، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ كونا دوستۇڭنى قانداقچە ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

مەن بىردىن ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدىم.

— تونۇدۇم، نامىق ئەمەسمۇ سەن!

— ئەزىمرايى، مەنمۇ ئاۋۋال سېنى تونۇماپتىمەن... سەنمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، دوستۇم.

مەن ئۇنى قولتۇقلىۋالدىم، پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق:

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ، ياخشى ئۇچرىشىپ قالدۇق! — دېدى ئۇ، — ئايرىلغىنىمىزدا ئىككىمىز بالا ئىدۇق، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق؟

— هازىر نەلەردە، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟

— مەندىن ئاڭلىساڭ گەپ تولا، ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن سوراي-لى!

— مەن تۆت يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا ئىدىم، ئىنژېنېر-لىقتا ئوقۇدۇم، خۇداغا شۈكرى، يۇرتقا قايتىپ كەلگىلى سەككىز ئاي بولدى...

— ئىستانبۇلغا ئورۇنلاشتىڭمۇ؟

— ياق، ئىزمىرگە، ناھايىتى ياخشى بىر ئىشقا كىردىم.

— تەبرىكلەيمەن... ئىشلىرىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن.

— رەھمەت ساڭا، قېنى ئەمدى سەن ئېيتقىن!

ئۇ مېنىڭ جىمجىت تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، چىرايىمغا سەپ-سېلىپ قارىدى. كۆزلىرىمدىكى قايغۇنى سەزگەن بولسا كېرەك:

— خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ نېمە بولدۇڭ نىجات! — دەپ سورىدى.

يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى زورغا بېسىۋېلىپ بېشىمنى بۇرى-دىم ۋە يىراقلارغا قاراپ:

— ماڭا كەلگەن دەرد - ئەلەم سېنىمۇ بىئارام قىلىشىدىن قورقىمەن، — دېدىم.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟... بىز ئاغىنە تۇرساق... نېمە ئىش

بولسا تارتىنماي ئېيت! ياردەم كېرەك بولسا قولۇم كۆكسۇمدە... — بولىدۇ! بىراق بۇ يەردە ئۆرە تۇرۇپلا ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ، بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

كەينىمىزگە قايتىپ بىر تاتلىق يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا كىرىپ، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردۇق.

روھىي ھالىتىم بىر قىسىملا ئىدى، قوللىرىم مۇزلاپ، لەۋلىرىم تىترەپ تۇراتتى، بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. نامىققا دەردلىرىمنى تۆكۈپ، ئامالسىز قالغانلىقىمنى ئېيتىش ماڭا ئۆزۈمنى چۈشۈرۈشتەك تۇيۇلاتتى. ئارىمىزدا بىر ھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئۇ ماڭا ھەيران بولغان ھالدا سەپسېلىپ قارايتتى، گېپىمنى كۈتەتتى. نامىق ئاخىر تاقەت قىلالماي، بىرخىل سەممىي ئەندىشە بىلەن:

— ناھايىتى پەرىشان كۆرۈنىسەن، نىجات! بۇنچە قارا ئەمەس ئىدىڭ، كۆسەيدەك بولۇپ كېتىپسەن! ئېغىر دەرد تارتقاندەك تۇرىسەن... كېسەل بولۇپ قالدىڭمۇ يا؟ — دېدى.

— ياق، — دېدىم.

— سېنى بەك ياخشى كۆرەتتىم! ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر بالا ئىدىڭ... ئېيتقىنا نىجات، نېمە خاپىلىقىڭ بار؟

چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم، ئاچچىق كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— شۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم، — دېدىم.

— نېمە بولدى؟

— نېمە بولماقچىدى! ... ئوقۇشتىن ئايرىلىپ قالدىم...

نامىق ھەيران بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— ئىشەنمەيمەن! ... مۇمكىن ئەمەس! — ... دېدى ئۇ.

— ئىشەنگىن، مەن بۇگۈن ھېچ نەرسىگە يارىماس بىر

ئادەم بولۇپ قالدىم!...

— ئوقۇشۇڭدىن قانداقچە ئايرىلىپ قالدىڭ؟

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىل سىنىپتا قېلىپ ئوقۇشتىن سوۋۇپ كەتتىم... كېيىن ئىرادەم بەزى خىياللارغا يەم بولۇپ كەتتى.

— بىرەرىگە كۆيۈپ قالدىڭمۇ يا؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!... ئەدەبىياتقا قىزىقىپ كېتىپ...

— ھەقىقەتەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىپ قويۇپسەن! سەندىكى ئەقىل ۋە قابىلىيەت ھېچقايسىمىزدا يوق ئىدى، بەزى گەپلىرىڭ ۋە ھەرىكەتلىرىڭ مېنى تىخىچە ئويلاندۇرىدۇ... شۇ ۋاقىتلىرىڭدىمۇ يېتىشكەن ئادەملەردەك ئىدىڭ!

ئىچىمدىكى ئاچچىقنى تېخىمۇ ئېچىتقان بۇ سۆزلەر ماڭا باشقىچە تەسەللى بېرىپ، نامەلۇم بىر قول يارامنى تېڭىپ، كۆزلىرىمدىكى ياشلارنى ئېرتىۋاتقاندەك بولدى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— بۇگۈن قاتتىق پۇشايمان ئىچىدىمەن، — دېدىم، — بىراق ئامال قانچە؟ دادام ئۆز ئەھۋالى بىلەن... ھامامىنىڭ تەربىيىلىرى ماڭا تەسىر قىلمىدى... تۇرمۇشنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە مېنى خاتا يولدىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان ھېچكىم چىقمىدى. نېمە قىلسام ئۆز مەيلىم بولۇپ قالدى...

ئامىق كۈلۈپ قويدى.

— نەچچە يىللاردىن بېرى نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللاندىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھېچ ئىش قىلماي بىكار يۈردۈم، كېيىن ئەسكەرلىككە ئېلىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن بېرى تۈزلادا ئىدىم.

— چاچلىرىڭنىڭ قىسقىلىقىغا ھەيران ئىدىم، ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى.

— شۇنداق... ئەڭ چوڭ دەردىمنى ئېيتسام، مەن ئىش ئىزدەپ يۈرىمەن...

دوستۇم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

گويا دەردىمگە داۋا ئىزدىگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتىم. كۆڭلۈمدە ئاجىزانە بىر ئۈمىد پەيدا بولغان، سولاشقان غۇرۇرۇم بىلىنەر - بىلىنمەس بىر خىل ھاياجان بىلەن، جانلىنىشقا باشلىغانىدى.

ئۇ بىردىن ئورنىدىن تۇردى ۋە قوللىرىنى ئۈستەلگە تىرەپ تۇرۇپ:

— ئانداق ئىشلارنى قىلالايسەن؟ — دەپ سورىدى. — قانداق ئىش بولسا بولىۋېرىدۇ، — دېدىم، — لېكىن تېزرەك بولسا دەيمەن!

— نېمىشقا بۇنچە ئالدىرايسەن؟

— ھامامغا ئارتۇقچە يۈك بولىۋېرىشنى خالىمايمەن.

— ھازىرغىچە قانداق ياشاپ كەلدىڭ؟ داداڭ ياردەم قىلمامدۇ؟

— مەكتەپتىن ئايرىلغان كۈنۈمدىن باشلاپ دادام مەن بىلەن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزدى.

— بۇ يامان بوپتۇ، لېكىن سەن ھەر ھالدا ھاماڭغا ئۇشۇقچە كەلمەيسەن!

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ... بىراق ئۇنىڭغا يۈكلىنىۋېلىشنى توغرا كۆرمىدىم...

— ئاغىنە، بۇنداق چۈشەنمەسلىكىڭ كېرەك... ساڭا ئۇشۇقچە كەلگىنىڭنى سەزدۈرگەن بىرەر ھەرىكىتى بارمۇ؟

— ياق!

«ياق» دېگەن سۆز ئاغزىمدىن بەكمۇ ئاستا چىقتى، كۆز ئالدىمدا زۇلالىنىڭ جىددىي قاراشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن «ھەمىشە مۇشۇنداق سەرگەردانلارچە مەنىسىز يا-

شامسەن؟» دەۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

— يوق ئىشلارغا خاپىلىق تارتىپ يۈرمە! كۆيئوغلىمىز بىر شىركەتتىنىڭ مۇدىرى. ئۇ ساڭا مۇۋاپىق بىر ئىش بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— خەۋىرىنى قاچان ئېلىشقا بولىدۇ، — دەپ سورىدىم ئەيمەنگەن ھالدا.

— بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە. ھېلىمۇ بۆيۈكدەرە ساھىلىدىكى داچىدا ئولتۇرۇسىلەرغۇ دەيمەن؟

— ھەئە...

— ئۇنداقتا ئۆزۈم كېلىپ خەۋىرىنى بېرەي.

مەن داچىغا خۇشال - خۇرام قايتتىم. باغچىدىن تېز ئۆتۈپ ئۆيگە كىردىم.

زۇلال پەلەمپەيدە تۇراتتى، مېنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ پەلەمپەيدىن چۈشتى — دە:

— نەگە يوقاپ كەتتىڭ. ساڭا بىر تېلېگرامما كەپتىكەن! — دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم، ئۇ مېنىڭ ئىشەنمەي تۇرغىنىمنى كۆرۈپ يەنە قوشۇمچە قىلدى.

— ئۆگەي ئاپاڭدىن كەپتۇ!... داداڭ قاتتىق ئاغرىق ئىكەن... تېز كەل دەپتۇ!...

تېلېگراممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم ئىشەنمەيتتىممۇ، مەن مورەمنى كۆتۈرۈپ قويدۇم.

— بارمىساڭ بولمايدۇ، نىجات! داداڭ سېنى كەلسۇن دەپتۇ! — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ.

— ئېسىگە بۈگۈن كەپتىمەن - دە؟!

— راست ئېيتىسەن، لېكىن قانداقلا بولسۇن داداڭ - دە!

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھامىمامنىڭ ھۇجرىسىغا كىردۇق. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە تېلېگرامما تۇراتتى. زۇلال يۈگۈرۈپ

بېرىپ تېلېگراممىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«داداڭ قاتتىق ئاغرىق، سېنى كەلسۇن دەيدۇ، دەرھال كەل. نەدىمە.»

بىئارام بولۇۋاتقىنىمنى سەزگەن ھاممام مۇلايىملىق بىلەن:

— بارساڭ بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىغان بولىسەن، نىجات! بۇنىڭلىقا ئابرۇيۇڭ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، — دېدى.

بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ بارسام باراي، — دېدىم.

دادام ئۆگەي ئاپام بىلەن بەشكتاشتا تۇراتتى، ئىككى ئۆگەي سىڭلىمنىڭ چوڭى نەباھات ئون ئىككى ياشتا، كىچىكى نۇكھەت توققۇز ياشتا ئىدى. ھەر ئىككىلىسى شۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى.

دەرۋازىنى ماڭا ئۆگەي ئاپام ئاچتى، ھەممە ياقنى قاراڭغۇ باسقانلىقى ئۈچۈن ئۇ لامپا كۆتۈرۈپ چىققانىدى. مېنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن:

— كەلدىڭمۇ؟ ياخشى بولدى! يۇقىرى قەۋەتكە چىق! — دېدى.

مەن ئۆيگە كىرىپ يۇقىرى قەۋەتكە چىقىپ، ئۇدۇلدىكى چوڭ ھۇجرىنىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن دادامنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئۆيگە كىردىم، ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى سەزمىگەچكە، چىرايىدا ھېچقانداق ئالامەت يوق ئىدى.

يېنىغا باردىم. يۈزلىرى كىچىكلەپ قارىداپ كېتىپتۇ. ئەس-كەرلىك مۇددىتىم ئىچىدە ئۇنى زادى كۆرمىگەنىدىم.

ئىچىمنىش ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ئۇستىگە ئېڭىشىپ ئاستاغىنە:

— دادا! — دېدىم.

ئۇنىڭ قارىشىدا بىر ئۆزگىرىش بولدى، قاشلىرى لىكىلـ
داپ، لەۋلىرى مىدىرلاشقا باشلىدى.
— نىجات! — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.
ئۆگەي ئاپام كەينىمىزدە ئۆرە تۇراتتى.
دادام يوتقاننىڭ ئۈستىدە تۇرغان قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ پەس ئاۋاز بىلەن:
— ئولتۇر، — دېدى.
دادام: «ئوغلۇمنى كۆپ رەنجىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مې-
نى ئۇنتۇپ قالدى» دەپ ئويلىغانىدى، دەرۋەقە كېيىنكى كۈنلەر-
دە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يېقىنلىق كۆرمىگەنىدىم. باللىق كۈنلە-
رىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمىسەم، دادا - بالا ئىكەنلىكىمىزگە
ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.
خىياللىرىمنى دادامنىڭ ئاۋازى بۆلۈۋەتتى، ئۇ قولۇمنى
بوشقىنە سىقىپ:
— ساڭا بەك ناھەقلىق قىلغانلىقىمنى بىلىمەن،
نىجات، — دېدى، — لېكىن، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىمـ
نى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنگىن! سەن تۇنجى بالـ
مىز ئىدىڭ... ماڭا ئاناڭنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھەدىيىسى ئىد-
دىڭ. سېنى ياخشى كۆرەتتىم... لېكىن دۇنيادا سەزگىلى بولماي-
دىغان، خاراكتېرى نامەلۇم ھەقىقەتلەرمۇ بار ئىكەن، كىشى
بۇنىڭغا ئامالسىز ئەگىشىپ قېلىپ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى
ئايرىۋالالمايدىكەن. مەن مانا شۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئەسىرى بولـ
دۇم.
مەن ئۈندىمەي، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتىم. قەلبىمـ
دىكى غەزەپ شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، دادامنىڭ سۆزلىرى
ئۇنى نەزەرىمدىكى گۇناھلىرىدىن خالاس قىلىشنىڭ ئورنىغا، پۈ-
تۈنلەي گۇناھقا مەھكۇم قىلاتتى.
ئۇ يېلىنىش نەزەرى بىلەن كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنى كەچۈر! ئاخىرقى كۈنلىرىمنى قاتتىق [illegible] ئازابى ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن... گەپ قىل نىجات... بىر ئاز پاراڭ سالغىن، گېپىڭنى ئاڭلاپ قالاي...

تەلەپپۇزۇمنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئاستاغىنە دېدىم:

— سىزنى ئەپۇ قىلماسقا ھەددىم يوق!... كۆڭلۈمدە ئاچچىقىم بولسىمۇ، بۇ سىزگە قارىتىلغان ئەمەس، بەختىمگە قارىتىلغان. مەن ئەسلىدە تەلەيسىز ئىكەنمەن...

— راست ئېيتىسەن ئوغلۇم! ئاناڭنىڭ ئۆلۈمى تەلەيسىزلىكىڭنىڭ باشلىنىشى بولدى. لېكىن مېنىڭ پەرۋاسىزلىقىم بۇنىڭغا قوشۇمچە بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

— ئەمدى بۇلارنى سۆزلەپ نېمە قىلىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق... لېكىن، كۆزۈم يۇمۇلماستا ئەپۇ قىلىشىڭنى كۈتۈمەن...

— ياخشى بولۇپ قالىسىز دادا!

ئىككىمىز جىم بولۇپ قالدۇق. ئۆگەي ئاپام دېرىزە تەرەپكە ئۆتۈپ، چوڭقۇر بىر كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

دادامنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىدە ھاياتنىڭ ئاخىرقى تىترەكلىرى قالغانىدى.

دادام ئۇزۇن ئويلىنىشتىن كېيىن كۆزلىرىنى قايتا ماڭا تىكتى.

— نىجات! — دېدى ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ئارانلا. ئۇ قولۇمنى تېخىچە قىزىقى يانمىغان قوللىرى بىلەن سىقىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىمگە يېلىنغاندەك قارايتتى.

ئالدىغا ئېگىلدىم، ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ:

— دادا! جېنىم دادا! — دېدىم.

— ساڭا ئېيتىدىغان سۆزۈم بار، ئەمدى چوڭ يىگىت بولدۇڭ. يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق!

— مائاشىم سىڭىللىرىڭ بىلەن ئاپاڭغا قالىدۇ! ساڭا ھېچ نەرسە ھەتتا ئاز - تولا مىراسمۇ قالدۇرالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن ئېچىنىمەن...

— ......

— بىرەر ئىش تېپىپ يەنە ھاماڭ بىلەن بىللە ياشارسەن!

— ......

— مەندىن رەنجىمە! ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭنى چۈشىنىمەن. مەن گۇناھكار... لېكىن ئەمدى قولۇمدىن نېمە كەلسۇن؟

— راست ئېيتىسىز!

— مەندىن رەنجىمەيدىغانسەن؟

— ياق!

ئورنۇمدىن تۇردۇم، كۆزلىرىمگە پەردە بولۇپ توسۇلغان ياشلار ئەتراپنى غۇۋا كۆرسىتەتتى.

دادامنى زادى ئەپۇ قىلالمايتتىم!

ئۆگەي ئاپام كەينىمگە قارىۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاجىز مۈرىلىرى يېنىك سىلكىنەتتى.

ئۆگەي ئاپامنىڭ قېشىغا باردىم ۋە پىچىرلاپ:

— مەن ئەمدى قايتاي! — دېدىم.

— كېتەمسەن؟ ھازىرمۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— ھەئە!

— داداڭنى مۇشۇ ھالدا تاشلاپ كېتەمسەن؟ ئۇ ياخشى بولالمايدۇ!

— كەتمىسەم ھايات قالامدۇ؟

— ناھايىتى رەھىمسىز سەن، نىجات!

— بۇ خۇسۇسىيەت دادامنىڭ مىراسى، ماڭا قالدۇرۇپ كەتكىنى يالغۇز مانا شۇ مىراس!

— داداڭ سېنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن سەن ئۇنى زادى ياخشى كۆرمىدىڭ!

بىردىن قېنىم قىزىدى. دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر بۆلگۈنچىلىك سالغان مۇشۇ خوتۇن ئەمەسمۇ؟

— تەقدىر ئىنساپسىز بولمىسا ئىدى، بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپرەك ياخشى كۆرگەن بولاتتۇق، — دېدىم مەن.

ئۆگەي ئاپام سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەندەك كۆ-رۈنەتتى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ:

— كەتمە! بىزنى يالغۇز تاشلاپ نەگە بارىسەن! — دېدى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندە يەنە دادامنىڭ يېنىغا باردىم، تۈن قاراڭغۇسى چۈشۈپ، كوچىلارنىڭ لامپىلىرى يانغانىدى. دادام توختىماي ئىنجىقلاپ نېمىلەرنىدۇ دەپ جۆيلۈۋاتاتتى.

ھۇجرا ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى، مەن قوللىرىمنى كۆكسۈمگە قويۇپ قانچىلىك ئۆرە تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ئاستا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. نەباھات ھۇجرىغا كىرگەنىدى. ئۇ يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەندىشە، قايغۇ ۋە قورقۇنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. قولۇمنى ئاستاغىنە تۇتۇپ:

— ئاكا… دادام ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ — دېدى.

تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن سىڭلىمنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ياق، ئۇكام، — دېدىم مەن.

— ئاپام نېمىشقا يىغلايدۇ؟ سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟

— داداڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن…

— سەنمۇ يىغلاپسەنغۇ، ئاكا… مېنى ئالداۋاتىسەن!

— ياق، ياق!

شۇ ئەسنادا ئۆگەي ئاپام بىلەن نوكەھەت كىرىپ كەلدى.

كىچىك سىڭلىم ئاپىسىنىڭ ئىتىكىگە ئېسىلىۋالغانىدى. بەختە-سىزلىكنى ھەممىدىن بۇرۇن تۇيغان بولسا كېرەك، ئۇ يىغلاشقا باشلىدى...

دادام ئاخىر ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

تۆتەيلەن كارىۋاتنىڭ بېشىدا يىغا - زار قىلىشتۇق.

دادام قايتا زۇۋانغا كەلمىدى، پەقەت ئاخىرقى قېتىم كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا جىلمىيىپ بىر قارىۋالدى - دە، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىغا كەتتى!...

دادامنى يەرلىكىدە قويۇپ بولۇپلا، ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئۆزۈمنى پاراخوتقا ئاتتىم، ساھىلغا كەلگەندە نامازدىگەردىن ئاشقانىدى، قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى.

باغچىدىن غەمكىن ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۆتۈپ كېلىۋاتقىنىمدا كەينىمدىن زۇلالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ يالاڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا قولىدىكى گۈل قايچىسى بىلەن گۈل كېسىۋاتاتتى.

— بۇ ياققا كەل، — دېدى ئۇ، — نېمە خەۋەر بار؟

ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، گەپ - سۆز قىلماي مەيۇس ھالدا چىرايىغا قارىدىم.

— نېمە بولدى؟... خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

قايغۇ ئىچىدە ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما! — دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، — ئامالىمىز قانچە؟ تەقدىر شۇنداقتۇ...

— ياق، كۆڭلۈم بۇزۇلغىنى يوق!

زۇلال كۈلۈپ قويۇپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى. يالغان جاۋاب بەرگەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايانىدى.

ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، قوللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە

قاراپ تۇردۇم.

ئارىمىزدىكى جىمجىتلىق خېلىغىچە داۋاملاشتى.

— ياردەملىشەيمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ياق، رەھمەت.

— قوللىرىڭغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن...

— زىيىنى يوق...

ئۇنىمىغىنىغا قويماي گۈل قايچىسىنى قولىدىن تارتىۋالدىم، ئۇ چېچىلىپ كەتكەن گۈل دەستىسىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا قاناپ كەتكەن قوللىرىنى سىلاشتۇراتتى.

كۆڭلۈمدە بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالاس بولغان بىرخىل ھاياجان ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇ ئاندا زۇلال بىلەن بەدەنلىرىمىز بىر بىرىگە تەگكەن ھالدا شۇ قەدەر يېقىن تۇراتتۇقكى، ئۇنىڭ خۇش بۇي ھىدىغا ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان گۈللەردىن بەكرەك مەپتۇن بولاتتىم.

يۈزۈمنى ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ، بۇ ھىدلاردىن ھۇزۇرلىناتتىم، ئۇنىڭ بويى ۋە كۆكسىگە تەلمۈرۈپ قارايتتىم.

شۇ ئاخشام ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇق ئىدى، شەھلا كۆزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس خىياللار كۆلەڭگىسى ئەگىپ تۇراتتى.

— نىجات... — دېدى ئۇ بىردىنلا، — ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن... بۈگۈن بىر دوستۇڭ كەلدى.

— كىم؟ — دەپ سورىدىم مەن دەرھاللا.

— ئۆزىنى «ئىنژېنېر نامىق» دەپ تونۇشتۇردى.

— نېمە دېدى؟

— سەن بىلەن جەزمەن كۆرۈشۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، سېنىڭ يوقلۇقىڭنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلاندى. يېرىم سائەتچە باغچىدا ئولتۇرۇپ سېنى كۈتتى. كېيىن باشقا بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كەتتى.

نامىقنىڭ بۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىپ ئىزدەپ كەلگەنلىكى

مېنى بەكمۇ خوشال قىلدى.

— باغچىدا يالغۇز ئولتۇردىمۇ؟ — دەپ سورىدىم زۇلال-دىن.

— ياق! مەن بىللە ئىدىم...

— نېمىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— دېمىدى... مەنمۇ سورىمىدىم.

بىر پەس جىم بولۇپ قالدۇق. كېيىن كۆزلىرىنى يىراقلار-غا تىكىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— تولىمۇ ئەدەپلىك مۇلايىم بىر بالا ئىكەن! راستىنى ئېيتقاندا سېنىڭ بۇنداق ئاغىنىلىرىڭنىڭ بارلىقىغا قايىلمەن.

ئۇنىڭ چىرايىغا سوغۇققىنە بىر نەزەر تاشلىدىم.

ئۇ مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ كەتتى.

— خاپا بولما، — دېدى ئۇ، — نەدىن بىلەي؟ مەن سېنى ھۇرۇن بالا دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئاغىنىلىرىڭنىمۇ شۇنداق دەپ ئويلايتتىم.

— ماڭا يامان كۆز بىلەن قاراۋاتقان يالغۇز سەنلا ئە-مەس! — دېدىم مەن پەس ئاۋاز بىلەن.

ئاچچىقىم خېلىلا كەلگەن ھەتتا بىر ئاز كۆڭلەش ھېسسىياتلى-رى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نامىنى بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشكەنلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋا-لاتتى.

كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان گۇماننى يېشىش ئۈچۈن ئۇنى يەنە بىر ئاز گەپكە سېلىپ باقتىم. لېكىن كۆڭلۈمدىكىدەك جاۋاب ئالالمىدىم، ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمگە گويا پىچاقتەك سانجى-لىپ گۇمانلىرىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

زۇلال مېنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك سوئال سوراشقا باشلىدى:

— فرانسۇز مەكتىپىدە بىر سىنىپتىمىدىڭلار؟

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماستىن، كۈلمەي تۇرۇپ جاۋاب

بەردىم.

— شۇنداق!

— ياخشى ئۆتەمتىڭلار؟

— ناھايىتى يېقىن ئىدۇق، بىر - بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىشەتتۇق.

زۇلال مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىر نېمە دېيىشكە ئاغزىنى ئۇمەللىدىيۇ، لېكىن دېيەلمىدى.

شۇ ئەسنادا ھامامنىڭ ئۇستا ئاشپىزى ئەسۋەد قالغاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خېنىم، تېلېفون جىرىڭلاۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

زۇلال جىددىيلىشىپ ئالدىراپ داچا بىناسىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئۆزۈم يارىلانغاندەك ھالسىز ۋە ھارغىن ھالدا تۇرۇپ قالدىم. ئاياغلىرىم لاسسىدە بولۇپ نەپەسىمنى قىسقان ھارارەت قەلبىمنى ئۆرتەيتتى.

مەن بەختسىزلا ئەمەس، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يەنە دۆت ۋە تەلۋە ئىدىم!

## 3

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، كېچىسى ھۇجرامدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ئەسۋەد قالغائىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— بايۋەچچە، بىر ئەر مېھمان كەلدى، تۆۋەندىكى مېھمانخانىدا سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ! — دېدى.

كىتابنى تاشلاپ قويۇپ دەرھال يۈگۈرۈپ چىقتىم، كەلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلغانلىقىم ئۈچۈن ھاياجان ئىچىدە: «خۇدا بۇيرۇسا بىر خۇش خەۋەر ئەكەلگەندۇ!»

دەيتتىم.

مېھمانخانىدا نامىق سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇمنى قاتتىق قىسىپ:

— ھېچ تۇتۇق بەرمەيسەنغۇ بۇرادەر! — دېدى.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت، ئاغىنە! — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ.

بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇردۇق.

ئەتىگەن قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى دېڭىز يۈزىدە جىمىرلاپ تۇراتتى. باغچىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىدا قۇشلار چۇرۇلدىشاتتى.

نامىق ماڭا خۇشاللىق بىلەن:

— ساڭا خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، — دېدى، — لېكىن بۇنى خۇش خەۋەرمۇ دېيەلمەيمەن، چۈنكى بۇ ساڭا لايىق بولمىغان كىچىك بىر ئىش...

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— تېلېفون سىنترال كادىرى! مائاش ھازىرچە قانائەتلەنگۈدەك ئەمەس، لېكىن كۈيئوغلىمىز: «ئاۋۋال شىركەتكە كىرسۇن، كېيىنكى ئىش ئاسان» دېدى.

خۇشاللىقتىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىسام نامىقنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتكەن بولاتتىم.

— ساڭا قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن، نامىق، — دېدىم مەن، — بۇ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

— ئەرزىمەيدۇ، نىجات! بىزنى يەرگە قارىتىپ قويمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. كۈيئوغلىمىزغا سەن توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلدىم.

— ئۇياق بىلەن قاچان كۆرۈشىمەن؟
— قاچان بولسا بولىۋېرىدۇ، ئەتە بارساڭمۇ مەيلى!
— شىركەتتىمۇ؟
— ھەئە! مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتىم... — نامىق سۆزىنى باشقا ياققا بۇرىدى، — مەن بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا چىقتىم. دەم ئېلىش كۈنلىرىمدىمۇ سەن بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن... بۇ قېتىم ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز بەك ياخشى بولدى. ماڭا سەندەك بىر يېقىن ئاغىنە كېرەك بولۇپ تۇراتتى...
بۇ سۆزلەرگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەيتتىم، لېكىن ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىنچىلىقىمنى بىلدۇرۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.
بىر پەس تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشتۇق، ئۇ ئۆز كەسپى ۋە يېڭى دوستلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.
لېكىن ئۇ پات - پات ئىشىككە قاراپ قويۇپتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى دىققىتىمنى قوزغىدى. «ھە، نامىق زۇلالنى كۈتۈۋېتىپتۇ - دە!»
مەنمۇ چاندۇرماي ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشىنى كۈتتۈم.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغىنەم سەل تارتىنغان ئاھاڭدا:
— ئۆتكەن كۈنى كەلگىنىمدە ھاماڭنىڭ قىزى مېنى ئىنتايىن ئەدەپلىك قارشى ئالغانىدى، بۈگۈن ئۆيدە يوقمۇ نېمە؟ — دېدى.
ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويدۇم:
— كەلگىنىڭنى ئۇقماي قالغان ئوخشايدۇ، خالىساڭ خەۋەر قىلاي!... — مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تاشقىرىغا چىقتىم.
زۇلال ھۇجرىسىدا ئىدى. ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولغاچقا ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىۋەردىم. ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى

ئىشكاپقا سېلىۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ھەيران بولۇپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇقمىدىڭمۇ؟

— نېمىنى؟

— مېھمان كەلگىنىنى!

— كىم كەلدى؟

— نامىق!

زۇلال بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن چىرايىمغا غەلىتە قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— ماقۇل چىقاي، — دېدى.

ئاستا كەينىمگە ياندىم.

كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ كۆلۈپ قويدۇم. بۇ كۈلكە ئاغـزىمنىڭ ئـۇچىدىلا بولۇپ، بىرخىل گۇمان قەلبىمنى ئازابلايتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدە كۆرۈندى، بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

زۇلال مەكتەپ پورمىسىدا ئاق يېپەك كوفتا بىلەن توق قارا كۆك يوپكا كىيىۋالغانىدى. گۈزەل چېھرىسىگە خويما ياراشقان توم قارا چاچلىرى كۆڭۈل قويۇپ تارالغان، يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈلگەن، كالپۇكلىرى بويالغانىدى.

ئۇ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام بەرگەن نامىققا قولىنى بەردى، ئاندىن دېرىزىنىڭ يېنىدىكى سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەيپىياتى خۇش ۋە سەمىمىي ئىدى.

— كەلگىنىڭىزنى نىجاتتىن ئۇقتۇم، بەگ ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — باياتىن ھوجرامدا ئىدىم.

نامىق ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي بىمالال گەپ قىلىۋەردى:

— قايتا كۆرۈشكىنىمىزگە ناھايىتى خۇشالمەن، زۇلال خانىم!

— ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي! — دېدىم مەن زۇلالغا قاراپ، — ئەتە «×××» شىركەتكە ئىشقا چۈشىمەن.

بۇ گەپنى قىلغىنىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدۇم. ئۇمۇ بۇ قارىشىمدىكى غەلىتە ئالامەتلەرنى سېزىپ، كۆزلىرىنى ئويناتتى ۋە سوغۇققىنە تەبرىكلەپ قويدى.

ئۇلار مېنى زېرىكتۈرىدىغان قانداقتۇ يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتتىم، لېكىن كۆزلىرىم بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن زۇلالدا ئىدى.

دۇرۇس، ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەنىلىك ئالامەتلەر كۆپەيگەن، قاراشلىرى باشقىچە ئوتلۇق، ئاۋازىغا چىرايلىق ئاھاڭلار قوشۇلغانىدى.

شۇ ئەسنادا كۆزۈم ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان ياقىسىغا چۈشۈپ قالدى. نېپىز كوفتىسىدىن كۆكسىنىڭ ئۈستى قىسمى بىلەن قاردەك ئاپئاق يەلكىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رۇباشكىسىنىڭ ھال رەڭ تور لېنتىلىق ئاسمىسىمۇ بۇ كۆرۈنۈشكە نەپىس بىر گۈزەللىك قوشقانىدى.

شۇ تاپتا ئىچىمدىكى ئوت شۇ قەدەر ئۇلغايغانىدىكى، چوغدەك قىزىپ كېتىۋاتقان يۈزلىرىمنى ئۇنىڭغا ياققۇم، لەۋلىرىمنى شۇ ئاق تەنگە تەگكۈزگۈم، ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سۆيگۈم كېپكەتتى. شۇنداق قىلالىغان بولسام پۈتۈن ھەسرەتلىرىم تۈگەيتتى، قەلبىمنى ئۆرتىگەن ئوتلار ئۆچەتتى، كۆز ئالدىم تېخىمۇ يورۇپ جىمى غەشلىكلەر تۈگەيتتى.

شۇ تاتلىق خىياللار ئىچىدە بېشىمنى سافانىڭ كەينىگە قو-

يۇپ جىمجىت ئولتۇراتتىم، بىردىن قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

— نېمە ئىنچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭ، نىجات؟! — دېدى نامىق، — ئېيتە، نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

— ھېچ نەرسە! — دەپلا كۈلۈپ قويدۇم! — چارچاپ كېتىپتىمەن!

— نىجات كېيىنكى كۈنلەردە خىيالچان بولۇپ قاپتۇ، ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، — دېدى نامىق زۇلالغا قاراپ.

— ياق، — دېدى زۇلال ماڭا لەپپىدە قاراپ، — بالا ۋاقتىدىمۇ ئاجايىپ بىر مىجەزى بار ئىدى... كىشىلەرگە ھامان غەمكىن كۆرۈنەتتى...

شۇ تاپتا، خۇددى بىرى مېنى تاتلىق چۈشۈمدىن ئويغىتىۋەت-كەندەك ئاچچىقىم كەلدى. راستىنى ئېيتسام ئۇيقۇمنى بۇزماي ئاشۇ چۈشلەرنىڭ پەيزىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

ئاغىنەم ئىشىمنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئەتىسى كەچقۇرۇن بىر يەردە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ قايتىپ كەتتى.

## 4

ئەتىسى ئەتىگەندە شىركەتكە بېرىپ نامىقنىڭ كۈيئوغلى بى-لەن كۆرۈشتۇم. ئۇ كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن، مېنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە قېيىنىنىسىنىڭ مېنىڭ توغرامدا ئېيتقانلى-رىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى، دەرھال ئىشقا چۈشىدىغاز-لىقىمنى ئۇقتۇردى.

تېلېفون بۆلۈمى كىچىك بىر ئۆي ئىدى. ئەمدى ھەر كۈنى كۇنۇپكا، نومۇرلار، سىگناللار بىلەن تولغان بۆلۈمدە يالغۇز ئولتۇراتتىم. بۇ ئىشنى ئاۋۋال زېرىكەرلىك ھېس قىلدىم، كې-يىن بوش قالغان ۋاقىتلىرىمدا گېزىت، كىتابلارنى ئوقۇيالايدى-

غانلىقىمنى ئويلاپ خۇش بولدۇم.
كەچقۇرۇن نامىق بىلەن ۋەدىلەشكەن يەردە تېپىشقاندۇق، ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى خۇرسەنلىكنى كۆرۈپ دەرھال:
— قانداق؟ خۇشالدەك تۇرىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— سەندىن كۆپ مىننەتدارمەن.
— ئەرزىمەيدۇ! يۈرە ئاشخانىغا كىرەيلى، تاماق يېگەچ پاراڭلىشىمىز...
مەن ئارىسالدى بولۇپ قالدىم.
— ماڭا رۇخسەت قىل، ئۆيگە كېتەي، ئۇلار ساقلاپ قالىدۇ.
— ئۆيگە تېلېفون بېرىۋەتمەمسەن!
نامىق ئويلىنىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ راست گېپىنى قىلدى:
— نىجات، سەن بىلەن بوگۇن جىددىي بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشمەكچىمەن، پاراڭلاشمىسام بولمايدۇ، — ئۇ ماڭا يالۋۇرغاندەك قىلىپ قارىدى.
— مەيلى ئەمىسە! — دېدىم مەن.
ئىككىمىز بىر ئاشخانىغا كىردۇق، ئالدى بىلەن ساھىلدىكى داچىغا تېلېفون بېرىپ تاماققا بارالمايدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇم.
— كەلمەيمەن دېدىڭمۇ؟ بىرىنچى كۈنىلا يۈز ئۆرۈپسەن - دە، بارىكاللا! — تۇرۇپكىدىن زۇلالىنىڭ خۇشخۇي ئاۋازى ئاڭلاندى.
زۇلالىنىڭ بۇ ئاۋازى قۇلىقىمدىن نېرى كەتمىگەن ھالدا ئۈستەلدە ئولتۇردۇم. نامىق تاماقنى بۇيرۇۋەتكەندى. تاماق كەلگۈچە ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلاشتۇق.
تاماق يەۋېتىپ ئاغىنەم بىردىنلا شۇنداق دېدى:
— نىجات، مەن سەن بىلەن مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق

مەسلىھەتلەشمەكچىدىم، لېكىن سۆزنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي-ۋاتىمەن...

نامىق ۋېلكىنى تاشلاپ قويۇپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەس بىر ئالىقانات ئىكەن-لىكىم ئېسىڭدىدۇ. ئائىلەمنىڭ بېسىمى ۋە كەسپىنىڭ جىددىي-لىكى مېنى رامكا ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلسىمۇ، تەبىئىتىم، ھەرخىل ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىدىغانلىقىم ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلاتتى، ئۆزۈڭدىن بېرى بۇ ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە قىزىقمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولىدىغان بوپقال-دىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا مەن زېرىككەن ھاياتتىن مېنى قۇتۇل-دۇرۇۋالىدىغان بىر قۇدرەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتىم ۋە ئۇنى ئىختىيارسىز ھەر تەرەپتىن ئىزدەيتتىم.

مەن تاماقنى يېمەي ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتىم.

نامىق ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ ئۆزۈڭدىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن نەرسەمنىمۇ تاپتىم...

شۇ چاغدا، كېلىمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. قوللىرىمنى ئېڭەكىمگە تىرىگەن ھالدا چاندۇرۇپ قويماسقا تىرى-شىپ:

— چۈشەنمىدىم، نېمىنى تاپتىڭ؟ — دېدىم.

— زۇلالنى! — دېدى نامىق ئەركىن نەپەس ئېلىپ.

— زۇلالنىمۇ؟

— شۇنداق! نېمىگە ھەيران بولۇۋاتىسەن؟ ئۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە كۆتكەن مۆجىزىنىڭ دەل ئۆزى... مەن ئىزدىگەن قىز... مېنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدىغان، مېنى مەڭگۈ بەخت-لىك قىلىدىغان قۇدرەت ئەنە شۇ... ئەمدى بىلگەنسەن، مەقسە-

تىم شۇ!… سەن ماڭا بۇ خۇسۇستا ياردەم قىلىسەن!
بېشىم زىڭىلداپ، ئىچىمگە ئوت كەتتى، كۆزلىرىم قاراڭغۇ-لىشىپ قۇلاقلىرىممۇ ئېتىلىپ قالدى.
نامىق چىرايىمغا سەپسېلىپ قارىدى ۋە ئورۇندۇقنى ئۇستەل-گە تېخىمۇ يېقىن تارتىپ دېدى:
— سەن بۇنىڭغا خۇش بولدۇڭمۇ ياكى…
مەن دەرھال قولۇمنى سىلكىپ قارشى چىقتىم.
— ياق، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس!
— مەن بىلمىدىم، ئەگەر ئۇزۇڭنىڭ شۇنداق بىر ئىشىڭ بولسا يوشۇرما!
— خاتىرجەم بول، ئۇنداق ئىش يوق! بىز بىر ئۆيدە ئاكا - سىڭىلدەك چوڭ بولدۇق…
— ئۇنداق بولسا نېمىگە خاپا بولىسەن؟
— خاپا بولمىدىم، ئويلىنىپ قالدىم…
— چۈشەندىم، ئېھتىمال سۆزلىرىم سېنى چۆچۇتۇۋەتكەن بولسا كېرەك. ھامماڭنىڭ قىزىغا ئۇۋال بولىدۇ، دەپ ئويلايدى-غانسەن…
— ئېھتىمال!
— زادى مۇنداق بولمايدۇ، نىجات… ئەندىشە قىلىشقا ھەقلىقسەن… لېكىن ئۇنى قانداق بەختلىك قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇر.
ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرمىدىم. ئىككىمىز تەڭلا تاماققا قول ئۇزاتتۇق، بىراق گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى.
ئۇزۇن بىر جىمجىتلىقتىن كېيىن:
— سەن ئاپاڭنى ئەۋەتىپ باق، ماقۇل دېسە مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ساڭا ياردەم قىلىمەن، — دېدىم.
ئۇ خۇرسەن بولغان ھالدا ماڭا قارىدى، بىراق:
— ئاپامنى ئەۋەتەلمەيمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟
— ئاپام مېنىڭ تويۇمنى قىلىش تەرەپدارى ئەمەس، شۇڭا ئىككىمىز تازا ئەپ ئەمەس... «كىشىنىڭ بالىسىنى بالا قىلالماي- مەن!» دەيدۇ...
— ئۇنداق بولسا قانداق بولغىنى؟ زۇلالغا مەن ئەلچى بولامدىم؟
— ھەئە!
— بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، نامىق!
— دېمەك، سەندىن كۈتىدىغان ياردەمنى رەت قىلىدى- كەنسەن - دە؟
— ياق، مەن دېگەندەك بولسا قولۇم كۆكسۈمدە... خاپا بولما... مېنى ئەپۇ قىل...
نامىق ئويلىنىپ قېلىپ:
— ئۇنداقتا ئارزۇيۇمنى توغرىدىن - توغرا ئۆزىگە ئېيتىۋې- رەي، قانداق؟ — دېدى.
— ئۆزۈڭ بىل!
— ئەتىلا بىر پارچە خەت يازاي، كېيىن سەن قىلىدىغان ياردىمىڭنى ئايىماسسەن!... قانداق دەيسەن؟
— ئەلۋەتتە...
نامىق چىرايىمغا قاراپ تۇراتتى.
— سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭغا ھەر قانچە قىلسام ئەرزىي- دۇ، نامىق! — دېدىم مەن.
— ياق، نىجات، مەن سەندىن بۇ ياخشىلىقنى قىلغىنىمغا ھەق تەلەپ قىلمايمەن. ئەگەر بۇنداق چۈشەنسەڭ خاپا بولىمەن.
ئىچىمدىكى دەرد - ئەلەمنى ئۇنىڭغا چاندۇرماسلىققا تى- رىشتىم، بىر پەستىن كېيىن باش - كۆزۈمنى تەر بېسىپ كەتتى، تاماقىمۇ تاۋىم قالمىدى.
بىز خوشلاشتۇق.

غەمدىن بېشىم ساڭگىلاپ، قاپاقلىرىم تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، مۈرىلىرىم تۆۋەن چۈشۈپ، ھالىم خارابلاشتى، كۆڭلۈمدە ئاجىزانە بىر ئۈمىد ئەگىپ يۈرەتتى.

پاراخوتنىڭ مېڭىش ئالدىدىكى سىگنال ئاۋازى قەدەملىرىمنى تېزلەتتى. مەن كۆۋرۈكنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئۆزۈمنى پاراخوتقا ئاتتىم.

پاراخوتنىڭ ئىچى مىغ ـ مىغ ئادەم ئىدى، دېمىم تۈتۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتتۈم ۋە پاراخوت رولىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. گۆگۈم چۈشۈپ قالغان بولۇپ، دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە غۇۋا يورۇقلۇق جىلۋە قىلاتتى.

بېشىمنى تۆمۈر تۈۋرۈككە قويۇپ خىيالغا پاتقان ھالدا، پاراخوتنىڭ كەينىدە سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاق بۆژغۇندىن ھاسىل بولغان ئىزلارغا قارايتتىم.

بۆيۈكدەرەگە يېتىپ بارغۇچە خىيالدىن نېرى بولالمىدىم.

داچا جىمجىت، پەقەت ئەسۋەد قالغانىڭ ئاشخانىدىكى تاراق ـ تۇرۇقلىرىلا ئاڭلىناتتى.

ھاممامنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتىم. زۇلالنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ھۇجرىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. مەن ھۇجرامغا كېتىۋاتقىنىمدا «نىجات» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سومكامنى دەرھال سافالارنىڭ بىرىگە تاشلاپ زۇلالنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم.

— مېنى چاقىردىڭمۇ؟

— ھەئە!

— قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپسەنغۇ؟

— كېچە مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل! ··· يېنىمغا كەل···

مەن دېرىزىنىڭ ئالدىدا.

ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. بىر ـ بىرىمىزنى ئوچۇق كۆرەلمەيت-

تۇق. دېرىزىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردۇم.
— قېنى گەپ قىل، — دېدى ئۇ.
ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، گەپ قىلىشقا رىغبىتىم يوق ئىدى. ئۇ ئولتۇرغان سافاسىنى مەن تەرەپكە بۇرىدى. ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان پۇتلىرىنىڭ بىرى ئىزىمغا تېگىپ تۇراتتى.
جىم ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، قولىنى دېرىزىنىڭ گىرۋىكىگە تىرىدى، ئاندىن يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىن ئەكېلىپ دېدى:
— بۈگۈن كۆپرەك پاراڭ سېلىپ بېرىسەن، ھەممە گەپنى دەيسەن!
ئۇنىڭ كېچىنىڭ گىرىمسەن يورۇقىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىھرىسىگە ئىزتىراپ بىلەن قارايتتىم. كۆزلىرى بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر جۈپ يۇلتۇزدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، مەن يورۇقلۇققا كەينىمنى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنى كۆرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.
ھالبۇكى، خاتالىشىپتىمەن... زۇلالنىڭ قاراشلىرى بىردىن ئۆزگىرىپ جىددىي تۇردە:
— بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ، نىجات؟ — دېدى، — بۈگۈن بىر قىسىملا كۆرۈنىسەنغۇ؟
شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كەلدىم.
— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدىم.
— ئىشىڭدىن رازى ئىكەنلىكىڭنى تېلېفوندا ئېيتقانىدىڭ، لېكىن ئەتراپلىق ئېيتمىدىڭ...
— ھەئە شۇنداق... ئىشىمنى سۆزلەپ بېرەي.
— يەنە نېمىنى سۆزلەپ بېرىسەن؟
— ھېچنېمىنى!
— سەن بۈگۈن بەكمۇ پەرىشان كۆرۈنىسەنغۇ... بىچارە نىجاتىم! ... بىر تەرەپتىن خۇشاللىق، بىر تەرەپتىن ھارغىنلىق كاردىن چىقىرىۋېتىپتۇ - دە، سېنى!

— ھۆرۈنلۇققا ئۆگىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇ! ...

— ۋاي - ۋوي، تەنە قىلىپ كەتكىنىڭنى قارا! — دېدى ئۇ، — ماڭا ئاچچىقىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياق!

— ئەمىسە... بۇگۈن نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭنى دەپ بەرمەمسەن!

ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدىم، بىراق نامىق توغرىسىدا ئانچە كۆپ گەپ قىلمىدىم.

— دېمەك، ئىشنىڭ يولىغا كىرىۋاپسەن - دە، — دېدى ئۇ، — كۆپ خۇرسەن بولدۇم. ئەمدى شائىرلىقنى تاشلاپ جىددىي بىر خىزمەتچى بولۇشۇڭ كېرەك.

بىر دەم جىم بولۇپ قالدۇق، كېيىن مەن ئاستاغىنە سورىدىم:

— سەن بۈگۈن بىر يەرگە چىقتىڭمۇ؟

— ياق! ... قانداق دەيسەن؟

— ھېچقانداق.

— بىر يەرگە چىقمىدىم، بىراق، بىر دوستۇم كەلدى...

— قايسىسى؟

— ھە... ئىلگىرى دوستلىرىمغا ئانچە قىزىقمايتتىڭ، بۈگۈن باشقىچىلا سوراپ كەتتىڭغۇ...

ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ سۆز مېنى بىئارام قىلدى. زۇلال بۇنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى ئەتەي تېرىكتۈرەتتى.

— بۇندىن كېيىن كەچلىك تاماقلىرىمىزنىمۇ يالغۇز يەيدىغان بولدۇق - دە... بىچارە ئاپام سېنى بىزنىڭ يېنىمىزدا دەپ بەك خۇشال ئىدى...

ئۇ مېنىڭ ئۇندىمەستىن يىراقلارغا قاراپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ يەنە شۇنداق دېدى:

— سەن ئىنساپسىز ئەرلەرگە ئوخشاپ قالدىڭ... ئۇنداق ئەرلەر بىر ئاز پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆيىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ... نىجات، ھەرھالدا بىرىنچى كۈنىلا بۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى!

ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالماي ئىتتىك كەينىمگە ئۆرۈلدۈم - دە، زەردە بىلەن:

— بولارمىكىن! مېنىڭ ھالىمنى چۈشەنمەيسەن... مېنى ساراڭ قىلماقچىمۇ سەن!

مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى قۇلاقلىرىمنى پاك قىلىپ قويدى. تىزىمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قولۇمنى تۇتۇپ:

— سەن يەنىلا كىچىك بالا ئىكەنسەن، نىجات، — دېدى كۈلكىسىنى توختاتماي، — بۇ تېرىككەكلىكىڭنى زادىلا تاشلىمىدىڭ... ئامال قانچە، مەنمۇ سېنى خاپا قىلىشنى خالىمايمەن!

زۇلال يەنىلا كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن يۈرىكىم بارغانسېرى ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— نىجات، — دېدى ئۇ، — كۈلگىنىمگە بەلكى ئاچچىقىڭ كېلىۋاتىدىغاندۇ؟... لېكىن نېمىگە كۈلگىنىمنى سورىمايسەن...

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېدىم جىددىي ھالدا.

— ساڭا قاتتىقراق گەپ قىلساملا تېرىكىپ كېتىسەن... راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى كۆتۈرەلمەيسەن، جىددىيراق گەپ قىلسام چاقچاق دەپ قارايسەن. شۇڭا بىر - بىرىمىزنى تازا چۈشىنەلمەي كېتىۋاتىمىز.

— رەھمەت ساڭا، — دېدىم مەن، — مېنىڭ ھاياتىمغا شۇنچىلىك كۆيۈنگىنىڭنى ئويلىماپتىمەن. ساڭا ئوخشاش ئىلىم ئۆگەنگەن، مۇكەممەل يېتىشكەن بىر قىزنىڭ مەندەك بىچارە، ئاددىي ۋە ساۋاتسىز بىر ئادەمگە بولغان بۇ كۆيۈمچانلىقى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىز بىر شەپقەت!

مەن قولۇمنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئورنۇمدىن تۇر-دۇم، لېكىن زۇلال يەنە قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ:

— ياق كەتمەيسەن، پاراڭلىشىمىز، — دېدى.

— سەن ئۆزۈڭدەك بىلىملىك، پىكىرلىرىڭنى چۈشىنىدى-غان مەدەنىيەتلىك كىشى بىلەن پاراڭلاشقىن...

— نىجات، سەن ئەقىللىق ئادەم ئەمەس...

— ئۆزۈمنىڭ ئەقىللىق، دۆت ئىكەنلىكىمگە پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن!

— ياق! گېپىمگە قۇلاق سال، سەندە بىر توغما قابىلىيەت بار، بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

— ئىلتىپاتىڭنىڭ لازىمى يوق.

— ئىلتىپات ئەمەس، نىجات! راستىنى ئېيتىۋاتىمەن...

ئۇ قولۇمنى قويۇۋېتىپ چىرايىمغا ھەيرانلىق بىلەن قارى-دى:

— سەن بۈگۈن ئاخشام باشقىچە بىر ئادەمدەك كۆرۈنى-سەنغۇ... شۇنچە سۆزلىگۈم كەلسىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

شۇ ئاندا، تۇۋەنكى قەۋەتتە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— نىجات! نەدىسەن؟ — دەپ توۋلىدى ھامام.

— مانا مەن ھاما! چۈشۈۋاتىمەن...

ھۇجرىدىن تېز چىقتىم.

## 5

ئەتىسى كەچقۇرۇن داچىغا كەلگىنىمدە مېھمانخانىدا كىشى-لەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار زۇلالنىڭ دوستلىرى بولسا كېرەك. ھۇجرامغا كېتىۋاتقىنىمدا ھامام يولۇمنى توسۇپ كۈلدى.

— نېمە بولدى، ھاما! — دەپ سورىدىم مەن.

— ناھايىتى مۇھىم ئىشلار، — دېدى ئۇ.
— قانداق؟
— كېيىن كۆرۈشەيلى... مېھمانخانىغا كىرمەمسەن؟
— كىملەر بار؟
— زۇلالنىڭ دوستى، شۇكران بىلەن دىدار...
— ئۇلارنى تونۇمايمەن!
— ئۆزۈڭ بىل!
— پەلەمپەيىنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ بىقارار تۇراتتىم، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ زۇلال كۆرۈندى:
— كەلدىڭمۇ نىجات؟ رۇخسەت قىلساڭ سېنى دوستلىرىمغا تونۇشتۇراي.
— قانداقلارچە تونۇشتۇرغۇڭ كېلىپ قالدى؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— ئۇلارنىڭ سېنى كۆرگۈسى بار ئىكەن، بۇگۈن ئۇلارغا بىر - ئىككى شېئىرىڭنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم، ناھايىتى ماختاشتى... بۇنداق دېسەم تەتۈرلۈكىڭ تۇتۇپ قالمىسۇن يەنە!
— مېنى نومۇسقا قويماقچىمىسەن، شۇنداقمۇ؟
— نېمىگە نومۇس قىلاتتىڭ؟ شۇكران ناھايىتى ياخشى قىز، مەكتەپنى بىرلىكتە پۈتتۈردۇق، ئۇ مېنىڭ جان - جىگەر دوستۇم. دىدار بولسا شېئىر مەستانىسى، ئۇلارنىڭ سېنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنگىن!
— ئىزا تارتىمەن.
— ئىزا تارتىدىغان نېمە ئىش بار؟ ئۇلار سېنى يەمدۇ؟
— ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمىسام...
مەن كۈلۈپ تۇراتتىم، ئۇ مۇرىلىرىمگە يېنىك مۇشتلاپ مېنى مېھمانخانىغا ئىتتەردى. مەن ئاخىر كىردىم. شوخ كۈلكىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى يېزىدىن يېڭى كەلگەن يات يىگىتتەك سىقتىم.

زۇلال مېنى سافانىڭ بىرگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن دوستلىرىغا قاراپ:

— قاراڭلار بۇنىڭ ئۇستىلىقىنى... ئىزا تارتارمىش. نېمىدىن ئىزا تارتسۇن! بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇدۇلۇمدىكى ئەينەكتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىمنى كۆردۈم.

— مېنى ناھايىتى سەت تونۇشتۇردۇڭ! يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتىڭغۇ! — دېدىم مەن.

— خاپا بولماڭ نىجات بەگ، زۇلال دائىم شۇنداق، چاقچاقنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى شۆكران.

خاپا بولغانلىقىمنى بىلگەن زۇلال ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ كۈلۈپ قويدى .

شۇ ئەسنادا ئۇ جىددىي ئاۋازدا شۆكراندىن سورىدى:

— يېقىندا سەن پىئانىنو دەرسىنى تاشلىماقچىمۇ؟

قىز سەل تارتىنغاندەك كۈلۈمسىرىدى.

— ئامالىم قانچە زۇلال؟ ئەھۋالنى ئۆزۈڭ بىلىسەن!

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بارمىقىدا پارقىراپ تۇرغان ئۈزۈككە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، مەنمۇ دەرھال ئەھۋالنى چۈشەندىم.

— پىئانىنونى ياخشى چالسىڭىز كېرەك! — دېدىم مەن مەقسەتلىك ھالدا. ئۇ جاۋاب بەرگۈچە زۇلال ئالدىراپ كەتتى.

— سايرىتىۋېتىدۇ!

— بىر ئاز مەرھەمەت قىلامسىز، شۆكران خانىم؟

تارتىنىپ ئېيتقان بۇ تەلىپىم شۇئان باشقىچە بىر كەيپىيات پەيدا قىلغانىدى. دىدار شۆكراننىڭ قولىغا يېپىشىپ:

— خۇدا ھەققىدە بىر پەدە چېلىپ بەرگىنە! — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى.

قىز نازلانمايلا تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلدى.

زۇلال پىئانىنونىڭ يېنىدىكى سافاغا بېرىپ ئولتۇردى. دىدار شۆكراننىڭ يېنىدا تۇردى، مەن ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم.

بىر پەسىلا مېھمانخانىنىڭ ئىچى جانلىنىپ، شوخ مۇزىكا ئاۋازىغا تولدى.

پىئانىنو مۇڭلىرى مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. ئىككى يىل پىئانىنودىن دەرس ئالغان زۇلالنىڭ بەزى پەدىلەرگە چالا - بۇلا چالغىنىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ چالغىنى يا بىر ئاھاڭ، يا بىر مۇڭلۇق پەدە بولماستىن نوتىلارنىڭ ياندۇرمىلىرى، پىئانىنو تىللىرىنىڭ ئىچىدە توم، يېنىك، قاتتىق ئاۋۇشلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچ لەززەت ئالالمايتتىم.

كۆپ چاغلاردا پوتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېھمانخانىغا كىرىپ بىر چەتتە سائەتلەپ جىمجىت ئولتۇراتتىم، بەزىدە مېنىڭ ئولتۇرغىنىمنى سېزىپ قالغان زۇلال تېرىكىپ: «بۇ يەردە نېمىگە ئولتۇرىسەن؟ مېنى چۆچۈتكىلى، مېڭەمنى ئېزىۋەتكىلى كىردىڭمۇ؟ ماڭ، چىق!» — دەپ ۋارقىرايتتى.

شۇ تاپتا ئاشۇ چاغلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ بىرخىل ھاياجان ئىچىدە پىئانىنو ئاڭلاۋاتاتتىم.

بىر ھازادىن كېيىن مۇزىكا توختىدى. زۇلال كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا قاراپ قويدى. بۇ قاراشلاردىن مەسخىرە چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. مەن شۇكرانىغا قاراپ رەھمەت ئېيتتىم. دىدار چاۋاك چالدى.

زۇلال كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئۈزمەي:

— ھازىر نىجات بىزگە بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىدۇ! شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭغا قارىدىم.

— مەنمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇ.

— بىزنىڭ شائىر ئۇدنى ياخشى چالىدۇ… سىلەرگە بىرەر پەدە چېلىپ بېرەر دەيمەن…

زۇلال دائىم ماڭا شۇنداق دۈشمەنلىك ئېيتقاندا ئۇدنىغۇ

ئانچە ـ مۇنچە چالىمەن، لېكىن تۈرك مۇزىكىلىرى توغرىسىدا
گەپ قىلىشقان بۇ كەسىپ ئەھلى قىزلارغا كەلسە ـ كەلمەس
پەدىلەرنى چېلىپ بېرىش ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كۈلكىگە قېلىش-
تىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدىم مەن جىددىي قىياپەتتە ۋە
زۇلالنىڭ كۆزلىرىگە قاتتىق نارازىلىق بىلەن قارىدىم.

زۇلال بېشىنى سافانىڭ كەينىگە قويۇپ ھەدەپ كۈلەتتى.

— خۇدا ھەققى، — دېدى زۇلال، — سەن مەندىن
قۇسۇر تېپىشنىڭ قەستىدىلا يۈرىسەن... كۈلۈشۈمدە بىرەر مەنە
يوق، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي! سېنىڭ ئۇد چېلى-
ۋاتقىنىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن دائىم ئىچكىرى ئۆيلەرنى، جىمجىت
بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارنى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ... ھېچكىمنىڭ
ھەتتا مېنىڭ ئالدىمدىمۇ سازنى قولۇڭغا ئالمايسەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟
كۈلۈپ كەتكىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ!

شۇكران ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزگە ئارىلاشتى:

— نىجات بەگ، نىجات بەگ، بىرنەچچە پەدە چېلىپ بەر-
گەن بولسىڭىز بەكمۇ خۇشال بولاتتۇق.

— مېنىڭ مۇزىكام سىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، —
دېدىم مەن، — ئاڭلىغۇچىلىكى يوق.

— خاتا ئويلاپسىز، — دېدى شۇكران، — مەن ئۇدنى
بەك ياخشى كۆرىمەن.

— مۇزىكا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە
ئۇنىڭ قانچىلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇكران خانىم!

— خاتالاشتىڭىز، سىزنى مۇنداق خۇلاسىگە كەلتۈرگەن،
بەلكى زۇلال بولسا كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇ
ئۇدقا ئامراق. سىزنى تېرىكتۈرۈپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلى-
قىنى دائىم ئاڭلاپ يۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئىشەنچ بىلەن گەپ
قىلىۋاتىمەن...

— زۇلال مېنى تېرىكتۇرۇپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشى مۇمكىن... لېكىن بۇ مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەب بولالمايدۇ. بۇ زاماندا ئۇد چالىدىغان بىرەر ياشنى زاڭلىق قىلىشنى ماڭا يالغۇز ئۇ ئۆگەتمىگەن.

زۇلال بىردىن ئورنىدىن تۇردى - دە، چىراغنى ياقتى، ئاندىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى:

— بۇنچە ئۇزۇن گەپ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، نىجات، مەن بېرىپ ئۇدنى ئەچىقاي...

— ياق! تارلىرى يوق، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ.

— ئىشەنمەيمەن... قاراپ باقاي!

— بىكار ئاۋارە بولما!

ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم، پەلەمپەيلەردىن گۈلدۈرلەپ چىقىپ ھۇجرامغا كىردۇق.

ئۇد كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە، تارلىرىمۇ تولۇق ئىدى.

زۇلال يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇدنى قولىغا ئېلىۋالدى:

— قېنى تارلىرى يوق دەۋاتاتتىڭغۇ؟

مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

— زۇلال، بولدى قىل، بۇ چاقچىقىڭ مۇشۇ يەردە قالسۇن! — دېدىم.

ئۇ ھەيران بولغان ھالدا چىرايىمغا قارىدى:

— چاقچاق دەپ چۈشەندىڭمۇ؟ ياق، راست ئېيتىۋاتىمەن.

— مەن دوستلىرىڭنىڭ ئويۇنچۇقى ئەمەس!

— كىچىك باللارچە ئويلايسەن... قانداقچە ئويۇنچۇق بولۇپ قالىسەن؟

— كاللامنى ئېلىۋەتسىمۇ چالمايمەن!

— دېمەك، سۆزۈمنى ئىلىك ئالمايسەن، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق!

ئۇ قولىنى تارتتى، مەن قويۇۋەتمىدىم.
— قويۇۋەت، — دېدى ئۇ، — قانداقلا بولسۇن ماڭا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك!
— ھەرگىز بويسۇنمايمەن!
— ئۇنداق بولسا ئۇدىنىڭ تارىلىرىنى ئۈزۈۋەت!
مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى قويۇۋېتىپ ئۇدنى قولۇمغا ئالدىم-دە، ئاچچىقىمدىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇدىنىڭ تارىلىرىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتىم.
ئاخىرقى تارىنى يۇلۇۋېتىپ ئۇدنى كارىۋاتقا پىرقىرىتىپ تاشلىدىم، زۇلال ھەيران بولغان ھالدا كەينىگە داجىپ، سەل قورققاندەك ماڭا قاراپ تۇراتتى.
«بولدىمۇ؟» دېگەندەك قېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم.
— ساراڭمۇ سەن نېمە! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ۋە يېنىمغا كەلدى، بارماقلىرىمنىڭ قاناپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:
— راستتىنلا ساراڭ ئىكەنسەن! — دەپ گېپىنى تەكرارلىدى.
— ساراڭ بولۇشۇم مۇمكىن... لېكىن ھەر قانداق ساراڭلىقنىڭ بىر سەۋەبى بار؟
— بۇ سەۋەبسىز ساراڭلىق! چاقچاقمۇ مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرامدۇ!
— چاقچاق، شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ.
ئۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى:
— نىجات، مېنى بۇنچە يامان كۆرۈشۈڭنى خالىمايمەن، كەل، قولۇڭنى تېڭىپ قوياي.
— رەھمەت ساڭا، قولياغلىقىم بار.
— بولمايدۇ، بىر ئاز يوت سۈركەپ ئاندىن...
— ھاجەتسىز، — ئۇنىڭ گېپىنى چورتلا ئۈزدۈم.

مەن يانچۇقۇمدىن قولياغلىقىمنى ئېلىپ قولۇمنى تاڭدىم، ئاندىن ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ:

— قېنى چۈشەيلى، ئۇدنى دوستلىرىڭغا كۆرسىتىپ قوي، — دېدىم.

زۇلال ئورنىدىن مىدىرلىماي، ماڭا سوغۇق قاراپ قويدى. ئۈيىسانك ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ بولسىمۇ بىر - بىرىمىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرەلەيتتۇق.

— يۇر! — دېدىم مەن جىددىي تەلەپپۇزدا

زۇلال ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى، ئۇ ھەيرانلىق ۋە يەنە ئاللىقانداق مەنىلىك قاراشلىرى بىلەن مېنى سىنچى نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە

— نېمىشقا بۇنداق قارايسەن؟ مېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈ-ۋاتامسەن نېمە؟ — دېدىم قوپاللا

— سېنى باشقىچىلا سېزىۋاتىمەن، — دېدى زۇلال پەس ئاۋاز بىلەن، — ساڭا ئېچىنىمەن نىجات.

— نېمىگە؟

— چۈنكى سەن ھازىر نورمال ئادەمدەك ئەمەس، بۇنداق قىلساڭ تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلمەيسەن، ئۇ چاغدا ساڭا ئۇۋال بولىدۇ!

— بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئۇۋال بولامدۇ؟

— كېسىلىڭ ئېغىرلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ سېنىڭ...

زۇلال شۇنداق دېگەچ ماڭا ئېسىلدى، لەۋلىرىنى مەڭزىمگە تەگكۈزدى.

ئېسىمنى يوقاتتىم، قاراشلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ قولۇمدىن تارتىپ سۆرەشكە باشلىدى.

— يۈر چۈشەيلى، ئۇلار يالغۇز قالدى...

ئۈد ئۈزۈلگەن تارىلىرى بىلەن كارىۋات ئۈستىدە قالدى.
زۇلال ئالدىمدا، مەن كەينىمدە مېھمانخانىغا كىرگىنىمىزدە ئىك-
كى قىز ھەيران بولۇپ بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن.
زۇلال ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەي:
— راست شۇنداق ئىكەن... ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ
ئىشەندىم، — دېدى، ئارقىدىنلا ئېچىنغان قىياپەتتە، — كۆ-
تۈلمىگەن ھادىسە بولدى. بىچارىنىڭ قولىنى ئىشىك قىد-
سىۋالدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.
قىزلار تەڭلا ئىچ ئاغرىتىپ «ۋىيەي» دەۋەتتى. دىدار دەر-
ھال ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىمغا كەلدى.
— نىجات بەگ، قاتتىق يارىلاندىڭىزمۇ؟
— ياق، ياق! — دېدىم مەن قولۇمنى كەينىمگە يوشۇ-
رۇپ
زۇلال كۈلكىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلىدى
ۋە دوستلىرىنىڭ دىققىتىنى بوراش مەقسىتىدە:
— بولدى قويۇڭلار، ئانچە چوڭ ئىشمۇ يوق! — دېدى.
شۇئاندا تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى، شۈكران سائەتكە
قاراپ:
— مېنىڭ يىگىتىمدىن كەلگەن تېلېفونمىكىن، ئۇ بىزنىڭ-
كىگە كەلمەكچىدى... كېچىكىدىغان بولدۇم، — دېدى.
زۇلال تېلېفوندا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشكەندىن كېيىن،
شۈكرانغا ئىشارەت قىلدى.
— زائۇف بەگ ئىكەن، سىزنى چاقىرىدۇ.
شۈكران تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا دىدارمۇ ئەينەكتە چاچلى-
رىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇلار كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.
مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم. مۇشۇنداق ئازابلىنىۋاتقان
ۋاقىتلىرىمدا ھەر قانداق بىر يات سۆز ۋە ھەر قانداق بىر نەرسە
مەن ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولاتتى. ئۇلار كەتسە بۇ يۈكتىن قۇتۇلى-

مەن دەپ قارايتتىم.

بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇلارنى باغچە دەرۋازىسىدىن ئۇزىتىپ مېھمانخانىغا كىردۇق.

زۇلال بىر نەرسە خىيالىغا كەچكەندەك چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى.

— ھامىمام نەدە؟ — دەپ سورىدىم مەن. زۇلال ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئېسىگە كەلدى ۋە:

— ھۇجرىسىدا، بەلكى قۇرئان ئوقۇۋاتسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. ئۇ ئۇستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ داستىخاننىڭ تېگىدىن بىر دانە كونۋېرتنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

— بۇنى ئوقۇپ باق!

نامىقنىڭ پۇچۇركىسىنى كۆرۈپلا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى، چىرايىممۇ سارغىيىپ كەتكەندى. زۇلال خاپا بولغىنىمنى سېزىپ يېنىمغا كەلدى.

— نېمىشقا بۇنچىۋالا خاپا بولىسەن؟ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— قايسى ئىشتىن؟ — دەپ سورىدىم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ.

— ئاغىنەڭنىڭ يازغانلىرىدىن!

— ھېچ نەرسىدىن خەۋىرىم يوق.

— ئەمىسە، بۇنى ئوقۇپ باق!

خەت زۇلالغا يېزىلغانىدى. خەتنى كونۋېرتتىن چىقاردىم ۋە خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى قۇرلارغا يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم:

*«زۇلال خېنىم:*

*سىزگە بۇ خەتنى يازغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى جۈرئەتلىك ھېس قىلىمەن. لېكىن ھېسسىياتلىرىمنى ئالدىڭىزغا ئېچىپ كۆرسەتكەن قۇرلارنى ئاخىرىغىچە ئوقۇغاندىن كېيىن ھەر ھالدا مېنى كەچۈرەرسىز.*

*مەن «تاسادىپىي» دېيىلگەن ئەھۋالنىڭ كىشىلەر ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان بىر ئادەم، ئىدىم. لېكىن*

*سىزنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ...»*

شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. زۇلال ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئاخىر خەتنىڭ كەينى بېتىنى ئۆرۈپ كېيىنكى قۇرلىرىغا يەنە كۆز يۈگۈرتتۈم...

*«مەن توغرۇلۇق ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىلىرىڭىزنى نىجاتتىن سورىسىڭىز بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ۋە مېنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان كىشى.*

*جاۋابىڭىزنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، ھۆرمەت ۋە سالاملىرىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.*

*نامىق»*

زۇلال مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ چىرايىمغا قارىدى.

— غەلىتە ئىش، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ

— نېمىسى غەلىتە؟

— ئۇ ماڭا تەلەپ قويۇپتۇ.

— نېمىشقا غەلىتە بولسۇن!

ئۇ قولۇمدىن خەتنى ئېلىپ كونۋېرتقا سالغاندىن كېيىن، جىددىي قىياپەتتە:

— ئەمدى ئاغىنەڭ توغرۇلۇق ئەتراپلىق سۆزلەپ بەر، — دېدى.

مەن ئولتۇردۇم، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ كەتتى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتىم.

— ئاغىنەم ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن بالا، — دېدىم ئاخىر.

— مېنى بەختلىك قىلالامدۇ؟

— ئەلۋەتتە!

— ئاۋازىڭ بوش چىقىۋاتىدىغۇ؟

— ياق!

— ئائىلىسى قانداقراق؟

— ئەخلاقىچۇ؟

— ئۇنىڭغىمۇ گەپ كەتمەيدۇ.

— چۈشۈڭدە جۆيلۈگەندەك گەپ قىلىۋاتىسەن، نىجات!

— ساڭا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتسا كېرەك، چۈنكى سەن بەك خۇشال - دە، شۇڭا مېنى ئېزىلەڭگۈ كۆرۈۋاتىسەن.

ئۇ ماڭا خاپا قارىدى، ئاندىن بىر هازاغىچە يەرگە قاراپ جىم بولۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا ھاممام كىرىپ قالدى.

— دېدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەئە!

— نېمە دېدى؟

زۇلال مەندىن جاۋاب كۈتۈپ چىرايىمغا قارىدى.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق دېدىم:

— ياخشى بوپتۇ، ئاڭلاپ خۇش بولدۇم. نامىق تېپىلمايدىغان يىگىت! زۇلالنى ھەرھالدا بەختلىك قىلىدۇ...

ھاممام ماڭا يېقىن ئولتۇردى، بەزى نەرسىلەرنى سورايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىچىمدە شۇنداق ئاچچىق بىر ھەسرەت بار ئىدى، گەپلىرىمدە ئۇ ھەسرىتىمنى يوشۇرالمايدىغانلىقىم تۇرغان گەپ ئىدى.

ھاممام مەندىن بەزى ئىشلارنى سورىدى. زۇلالمۇ ئارىلاپ، ئارىلاپ سۆزگە ئارىلاشتى، گەپلىرىمنى زەن قويۇپ تىڭشىدى.

ئاغىنەمنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم يالغان گەپ قىلىپ، ئۇنى پەرىشتىمدەك پاك - بىغۇبار قىلىپ كۆرسىتىپ زۇلالنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تەرىپلىدىم. ھاممام نامىقنى سۆرۈشتۈرۈپ بېقىش پىكرىدىن ۋاز كەچتى، لېكىن زۇلال نارازىلىق بىلدۈرۈپ، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## 6

زۇلالغا چاي ئىچكۈزۈلدى.

مېھمانلار نامازدىگەردىن كېيىن كېلىشكە باشلىدى. مەن مېھمانخانا بىلەن باغچە دەرۋازىسى ئارىسىدا قاتناپ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئاۋارە بولدۇم.

زۇلال يىپەك لېنتىلار بىلەن بېزەلگەن ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان، ئۇزۇن ئېتەكلىرىنى بىر قولى بىلەن كۆتۈرۈۋالغان ھالدا كېلىشكەن قامىتىگە يارىشىدىغان ئاجايىپ بىر نازۇك تەن ھەرىكەتلىرى بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئالماقتا ئىدى.

بىر چاغدا ئۇنىڭ چېچىنىڭ لېنتىسى چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا شەرەت قىلدىم. ئۇ ئىتتىك ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، لېنتىسىنى تۈزەش ئۈچۈن ئەينەكنىڭ ئالدىغا باردى.

زۇلال ئالدىراشلىق بىلەن چېچىنى تۈزەۋېتىپ بىردىن كەينىگە قارىدى ـ دە، مېنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— كەل نىجات، بۇنى تۈزىۋەتكىنە! — دېدى.

ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىر خىل شېرىن ھاياجان بىلەن تىترەپ كەتتى.

ئۆزۈمنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ لېنتىسىنى تۈزەپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۈركەلگەن ئۇپا ئاستىدىكى ھاياجاندىن ئاناردەك قىزارغان مەڭزىلىرىگە، گۈل بەرگىدەك پاك لەۋلىرىگە، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە دەم ـ دەم قارايتتىم.

زۇلال كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئەينەكتىكى ئەكسىمگە قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— چاپسان بول! — دېدى.

بىردىنلا، بوينىغا گىرە سېلىپ باغرىمغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلىغۇم كېلىپ كەتتى، لېكىن ئوڭايسىزلاندىم. ئۇنۇمنى چىقىرالمىدىم، لەۋلىرىم ئۇنى سۆيۈش ئارزۇسى بىلەن ياناتتى.

شۇ تاپتا زۇلال مېنىڭ كۆڭلۈمدىن كەچكەن، مېنى قىيناۋاتقان بۇ خىياللىرىمدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئەينەككە قاراپ خۇشال قىياپەتتە:

— بوپتۇ... ھۆرمەتلىك نىجات! — دەپ قويۇپ ھۇجرىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

مەن ئەينەكنىڭ ئالدىدا مىدىرلىماي قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن! ئەسۋەد قالفانىڭ ئاۋازىدىن ئېسىمگە كەلدىم.

— ھە! ...بايۋەچچە... ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ.

— ھېچنەرسە! بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاي دېگەنىدىم، ھازىر چىقىمەن، — دېدىم مەن.

كۈن پېتىپ ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى، . مېھمانخانا يوپيورۇق ئىدى. پىئانىنودىن يېنىك ئاھاڭلار بارغانسېرى كۆچەيمەكتە ئىدى.

دالاندا ھامام ئالدىمغا ئۇچراپ جىددىي ھالدا:

— نىجات، كۈيئوغۇلنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بايا مۇشۇ يەردە ئىدى، — دېدىم مەن.

— ھازىر ئۈزۈك سېلىنىدۇ...

ھامام يەنە شۇنداق تېتىك قەدەملەر بىلەن پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە ماڭدى.

ئۈزۈكنى نامىقىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى يەنى ياشانغان شائىر سالاتتى. ھاياتنى يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ زات ئەسەرلىرىنىڭ جىددىيلىكىگە قارىماي، ناھايىتى خۇشخۇي ۋە چاقچاقچى كىشى ئىدى. ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ياش چوكانلارغا

قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ كۈلدۈرەتتى، يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەردەك چاققان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ دورامچىلىقلارنىمۇ قاملاشتۇراتتى.

ئۇ ماگا كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن سەپسىلىپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى؛ ئاندىن يېنىدا ئولتۇرغان نامىقلارنىڭ كۆيئوغلىغا قاراپ:

— ھېلىقى شائىر تۇغقىنىمىز مۇشۇ يىگىتمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ماگا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل باشلىقىم كۈلۈمسىرەپ:

— شۇنداق ئۇستاز! نامىقنىڭ يېقىن ئاغىنىسى نىجات بەگ بولىدۇ! — دېدى، ئاندىن ئۇياقنى ماگا تونۇشتۇردى، — قىمەتلىك ئەدىبىمىز ياۋەرسۇخا بەگ بولىدۇ!

مەن ياشانغان ئەدىبنىڭ قولىنىڭ ھۆرمەت بىلەن سىقتىم.

— سىز شائىر ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئەيىبىمنى يۈزۈمگە سېلىۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتتىم.

— ياق... كەچۈرىسىز ئەپەندى، — دەپ دۇدۇقلىدىم مەن.

— شېئىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار ئىدى ئوغلۇم.

— بىراق سىزگە كۆرسەتكۈدەك بىرمۇ شېئىرىم يوق!...

— باردۇ... قاراڭ شۇنچە شېئىر ھەۋەسكارلىرى سىزنى كۈتۈپ تۇرىمىز.

ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتتۈم، ھەقىقەتەن مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندەك ئەتراپىم قورشىلىپ بولغانىدى. ھەممەيلەن ماگا قىزىقىش بىلەن قارىشىپ تۇراتتى...

ناھايىتى قېيىن ئەھۋالدا قالدىم. ياۋەرسۇخا بەگ جىددىي قىياپەتتە تەكرارلىدى:

— قېنى بولۇڭ!... كۈتۈپ تۇرىمىز...

— بىر نېمە دېيىشكە تەمشەلدىم، لېكىن گەپنى باشلاشقا

جۇرئەت قىلالمىدىم. راستىنى ئېيتسام، ئوقۇغۇدەك شېئىر تاپال-
مايۋاتاتتىم. شۇئاندا كاللامدا ھېچنەرسە يوق ئىدى. بىر نەچچە
يىللاردىن بۇيانقى ئىزتىراپلىرىم ۋە كۆز ياشلىرىمنى ئىزاھلاپ
بېرىدىغان مىسرالار ئاللىقاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

ئالدىمدا كۆزلىرىنى ئۇزمەي ماڭا قاراپ تۇرغان دىدار:

— نېمە ئانچە ئويلاپ كېتىسىز؟ زۇلالغا ئاتاپ يازغانلىرىد-
ڭىزدىن بىرنى ئوقۇپ بەرمەمسىز! — دېدى.

بۇ ئاچچىق سۆزلەر مېنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى.

— ئۇ شېئىرلارنىڭ شېئىر دېگۈچىلىكى يوق، مەشىق
قىلىپ يېزىپ باققان نەرسىلەر، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى شېئىر
ئوقۇتمىسىز دەپ كۆلكىگە قالدۇرماڭلار.

ياۋەرسۇخا بەگ كۈلۈپ كەتتى، قولىنى مۇرەمگە ئۇرۇپ:

— بوپتۇ يىگىت، — دېدى، — سىز بىلەن بۇ خوسۇستا
باشقا بىر كۈنى پاراڭلىشايلى. ئاڭلىشىمچە ياخشى ھېكايىلەرنىمۇ
يېزىپسىز...بۇلاردىن تاللاپ بەزىلىرىنى ژۇرناللارغا بېرەرمىز!

سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم، لېكىن ئىچىمدىكى غەش-
لىك تارقىمىغانىدى.

زۇلال ئالدىمدا تۇرۇپ ياشانغان بىر خانىمغا بىر نېمىلەرنى
دەپ سۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ تۇرۇپلا بىر تەرەپكە قاراپ قويۇۋاتقان-
لىقىنى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە شۇنچە دىققەتكە سازاۋەر بولغۇ-
دەك نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن قولاق سېلىۋاتقانلى-
قىنى سېزىپ تۇراتتىم.

بىر ئازدىن كېيىن مۇراسىم باشلاندى. قىسقا تەييارلانغان
بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن مەڭگۈ ئىناقلىق ۋە بەختىيارلىق
تىلەكلىرى تىلەندى. كەينىدىن قىز - يىگىتنىڭ بارماقلىرىغا
توي ئۈزۈكلىرى سېلىندى.

مەن بۇ چاغدا كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، كۆڭلۈم قاراڭغۇلد-
شىپ ئۆزۈم بۆلەكچىلا بوپقالدىم.

ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن بىر ئايالنىڭ پۇتۇمنى دەسسىۋېلىشى خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى.

— كەچۈرۈڭ! پۇتىڭىزنى دەسسىۋالدىمغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ ئايال.

— كېرەك يوق! — دېدىم مەن پەس ئاۋاز بىلەن، ئاندىن ئۇلارغا قارىدىم.

چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ تۇرغان زۇلال نامىق بىلەن قول سۆيۈشتى، ئۇلارنىڭ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كەتتى. قېچىش مۇمكىن بولسا قېچىپ كەتسەم، دەپمۇ ئويلاپ كەتتىم.

كۆزلىرىمگە ئىسسىق چىراي بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىگەن زۇلالنىڭ ماڭا سوزۇلغان قولىنى غەزەپ بىلەن سىقىپ:

— سېنى چىن قەلبىم بىلەن تەبرىكلەيمەن! — دېدىم پەس ئاۋاز بىلەن.

ئۇ يېنىمدىكى كىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ:

— رەھمەت نىجات! — دەپ قويۇپلا ئالدىمدىن قوزغالدى.

نامىق قولۇمنى گويا بارماقلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك قاتتىق سىقتى. ئۇ گويا بۇ بەختتە ماڭا قەرزداردەك كۆزلىرىمگە مىننەتدارلىق بىلەن قارايتتى.

توۋا! نېمە ئۈچۈن بىر بەخت بەزىدە بىر بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ خۇشاللىقىغا ھەممەيلەن ئورتاق بولۇۋاتقاندا، مېنىڭ ئىزتىراپلىرىمنى چۈشىنىدىغان بىرەر بەندە چىقمايدىغاندۇ؟

مەن ئۇ يەردىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. كۆڭلۈم يېرىم، پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ باغچىغا چىقتىم، ئاي قاراڭغۇسى، لېكىن يۇلتۇزلۇق كېچە ئىدى، مەيىن شامال يەلپۈپ تۇراتتى، دېڭىزمۇ جىمجىت ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى.

مەن زۇلال ئىككىمىز بىر نەچچە قېتىم بىللە ئولتۇرغان

ئۆزۈن بەندىڭگە بېرىپ ئۇلتۇردۇم.

سالقىن ھاۋا بېشىمنى بىر ئاز سەگىتكەندەك بولدى. قارشى قىرغاقتا يېنىپ تۇرغان چىراغلار ۋە دېڭىز يۈزىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئاينىڭ شولىسى كۆزلىرىمنى قاماشتۇراتتى.

بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئىش! شۇنداق گۈزەل بىر ياز كېچىسى قانداقچە بۇنداق پاجىئەلىك تارىخقا ئايلىنىپ قالدى؟

خىياللىرىم بالىلىق چاغلىرىمغا يۆتكەلدى، بۇنداق گۈزەل كېچىلەر مېنى ئاز قىينىغانمۇ؟ ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلاردىمۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ياز كېچىلىرىنىڭ مە-يىن شامالىرىنى سۈمۈرۈپ يىغلىمىغانمىدىم؟ نېمە ئۈچۈن رو-ھىي دۇنيايىم ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تولۇپ تاشىدۇ، تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ھېسسىياتلار بىلەن ئازابلىنىدۇ؟

زۇلالنى بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ مانا شۇنداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تەن ئېلىش ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى...

ياق، ئانا! مەن روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىدىم، بىكار ئاۋارە بوپتىمەن. بۇ ساراڭ قىزنى شۇنچە ياخشى كۆرۈشۈمگە نېمە سەۋەب بولدى...مەن قەلبى يارا بىر ياشمەن!

مەن شۇ خىياللار بىلەن قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. بىر چاغدا ئارقامدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن، بۇ زۇلال بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويماي، قەلبىمنى قۇچقان شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە بىر دەقىقە كۈتتۇم. لېكىن دەرھال ئېسىمنى يىغىۋالدىم: يېنىمدا زۇلال ئەمەس دىدار تۇراتتى.

— ھوي ...نىجات بەگ! بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدىم قوپال ئاۋاز بىلەن.

— قاراڭغۇدا نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ سىزنى كۈتكىلى بىر سائەت بولدى. زۇلال سىزنى باغچىدىمىكىن دېگەنىدى، مۆل-

چىرى توغرا چىقتى!

— مېھمانخانا بەك ئىسسىق، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى!

دىدار سۆزلەۋېتىپ ئورۇندۇقتا قاراپ قويدى، مەن ئۇنىڭ ئولتۇرغۇسى بارلىقىنى سەزدىم.

— نېمە ئانچە خاپا سىز! — دېدى ئۇ، — خاپا بولسىڭىز چىرايىڭىزبۆلەكچىلا يېقىملىق بولۇپ كېتىدىكەن، سىزنى بەكلا قەدىرلەيمەن، نىجات بەگ!

دىدار ئاستاغىنە كېلىپ ئورۇندۇقنىڭ بىر يېنىدا ئولتۇردى.

— سىزنى ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدۇ، ماختايدۇ، — دېدى ئۇ يەنە.

— مۇبالىغە قىلىۋەتتىڭىز، — دېدىم مەن.

— ھەرگىز! ...قاراپ تۇرۇڭ، كەلگۈسىدە ئۆزىڭىزگە لايىق يۇقىرى مەرتىۋىگە يېتىشىسىز...

لەۋلىرىمنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۇزاقلارغا نەزەر تاشلىدىم ۋە:

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دەپ قويدۇم بوش ئاھاڭدا، — لېكىن مېنى زۇلالدىن ياخشى سورىماپسىز...

— ماڭا سىزنى تونۇشتۇرغان زۇلال.

— ھاممامنىڭ قىزىنى مەن توغرۇلۇق بۇنچىلىك ياخشى نەرسىلەرنى ئويلايدۇ، دەپ قارىمايمەن...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ زۇلال ھەر دائىم سىزدە بىر يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ!

— سىز ئۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ.

— توۋا، ئاجايىپ ئىكەنسىز، نىجات بەگ! — دىدار شۇنداق دەپلا تىزىمغا ئۇرۇپ قويدى.

بۇ مەنىسىز غەلىتە قىزنىڭ تارتىنمايلا قىلىۋاتقان قىلىقلىرى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى.

— بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچماسلىقىڭىزنى سورايمەن، —

دېدىم مەن.

— بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمامدۇق؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — سىز شائىر ئىكەنسىز. مەن بولسام... ئاھ، نىجات بەگ... بىر ئاز سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز، مەن سىزنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيمەن، ھەممەيلەندىن كۆپرەك ياخشى كۆرىمەن... سىزنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايمەن!

مەن دىدارىنىڭ گەپلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم، بېشىمنى چەتكە بۇراپ ئۈندىمەي تۇردۇم.

— سىزنى ئوڭايسىزلاندۇرغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر، — لېكىن سىز ئازابلىنىۋاتىسىز، بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلىمەن، ئازابلىنىشىڭىز ئورۇنلۇق.

— سىز بىلىدىغان قانداق سەۋەب ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدىم ئىتتىك كەينىمگە قاراپ.

— خاپا بولماڭ... زۇلالدىن ئاڭلىغانىدىم. بۇنچىۋالا خاپا بولۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق! مەنمۇ شۇ ئەھۋالدا...

ھاڭ - تاڭ قالدىم، ئاۋازىم تىترەپ كەتتى.

— ئېيتىڭ، زۇلال سىزگە نېمە دېدى؟

ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— ھېلىقى مەكتەپ مەسىلىسى! — دېدى.

— مەكتەپكە نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدىم ئارقىدىنلا.

— ھە... يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپسىزغۇ...

— توختىتىپ قويسام نېمە بوپتۇ؟

— ھېچنەرسە! ... مەنمۇ ئوقۇيالمىدىم، لېكىن سىزدەك خاپا ئەمەسمەن. ئامال قانچە، ھەر ھالدا ساۋاتسىز ئەمەسمىزغۇ؟

بۇ قىزنىڭ تازا ئەدىبىنى بەرمەكچى بولدۇم، لېكىن لېۋىمنى چىشلەپ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم.

زۇلالنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمدا بويسۇندۇرغۇچى بىر سېھرىي كۈچ سۈپىتىدە زاھىر بولاتتى. ئۇنى يوقىتا چىققان ئارزۇ-

ئارمانلىرىمنىڭ، بەربات بولغان ئىستىقبالىمنىڭ، نابۇت بولغان ھاياتىمنىڭ سەۋەبچىسى سۈپىتىدە كۆرەتتىم.

ئۇرنۇمدىن تۇرۇپ سالماق ئاۋاز بىلەن:

— مېنىڭ خاپا بولغان - بولمىغانلىقىم، ئۇقۇش پۈتتۈرگەن - پۈتتۈرمىگەنلىكىمنىڭ باشقىلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق! — دېدىم.

دىدار كۆزلىرىمدىكى غەزەپ ئوتلىرىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە داجىغان ھالدا:

— ئەپۇ قىلىڭ، ئۇقۇشماي گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن، — دېدى.

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم، قوللىرىمنى شىمىمنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا قاراپ ماڭدىم.

دىدار يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

دەل شۇ چاغدا: «ئەنە ئاۋۇ يەردىكەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ، داچىنىڭ مەرمەر پەلەمپەيلىرىدىن بىر توپ بالىلارنىڭ چۇرقىرىشىپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا زۇلالمۇ بار ئىدى. ئۇھەممىدىن بۇرۇن يېنىمىزغا كېلىپ زاڭلىق ئارىلاش كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئوھۇي، كۆز تەگمىسۇن!...بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىنى كۆرۈپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى.

قىيىن ئەھۋالدا قالغىنىمنى كۆرگەن دىدار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولدى.

— نىجات بەگ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمىز! — دېدى ئۇ.

بۇ سۆز بىلەن تەڭ قاقاقلىغان كۇلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

مەن جىددىي قىياپەت بىلەن زۇلالغا قاراپ:
— ئىچىم پۇشۇپ، بىر ئاز ھاۋا يەي دەپ باغچىغا چىققانىدىم، كەينىمدىنلا ساقچى ئەۋەتىپسەن! — دېدىم.
شۇ ئەسنادا شۇكران يېنىمغا كەلدى.
— بۇ ئىشتا زۇلالدا گۇناھ يوق، نىجات بەگ، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ چىقىپ كەتكىنىڭىزنى كېيىنرەك بىلدۇق. نەگە كەتتىكىن دەپ ئەنسىرىدۇق.
«سىزنى كۈتكىلى بىر سائەت بولدى، زۇلال سىزنى باغچىدا بولۇشى مۇمكىن دېگەنىدى، مۆلچىرى توغرا چىقتى» دېگەن دىدارنىڭ چىرايىغا قارىدىم.
ئۇ گويا گۇناھكارلاردەك كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى.
ئۇلار ساھىل كۆۋرۈكى ئۈستىدە چارەك سائەتچە تۇرۇپ، كېچىنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.
شۇ ئەسنادا داچىنىڭ ئىشكىدە نامىق كۆرۈندى.
زۇلال جىددىيلىشىپ قالدى ۋە:
— قېنى باللار ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دەپ ئالدىدا ماڭدى، دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سىنچى نەزىرى بىلەن قارىشاتتى، مەن شۇ يەردە قېلىشنى ئويلىدىم، لېكىن ئىلاجىسىزلىقتىن بوينۇمنى باغلىغاندەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.
مېھمانخانىنىڭ دېرىزىلىرى ئوچۇق بولسىمۇ دىمىق ئىدى، ئىشىككە يېقىن يەردە چېلىنىۋاتقان مۇزىكىلارنىڭ ساداسى قۇلاقنى ياراتتى، پۇرقىراپ چىقىۋاتقان سىگارت ئىسلىرى دىماغلارنى بوغاتتى.
سائەتكە قاراپ قويدۇم، ئون ئىككىگە ئاز قاپتۇ، لېكىن قايتىپ كېتىش مېھمانلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.
بىر ھازادىن كېيىن زۇلال يېنىمغا كەلدى ۋە كۈلۈمسىرەپ ئاستاغىنا:

— بۈگۈن نېمىشقا جىم بولۇپ كەتتىڭ، نىجات؟ — دې-
دى.

— بۇ قالايمىقانچىلىقتىن، بولۇپمۇ بۇ تانىسىدىن نەپرەتلى-
نىۋاتقانلىقىمىنى بىلىدىغانسەن، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
قاراپ، — ئازابلىنىۋاتىمەن، ئىچىم پۇشۇۋاتىدۇ...

— مېنىڭ بەختلىك كۈنۈمدە بۇنداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭنى
ئەيمەنمەستىن يۈزۈمگە سېلىش ئەيىب ئەمەسمۇ؟

— بەلكىم ئەدەپسىزلىك قىلغاندىمەن! لېكىن مېنى كە-
چۈرگىن.

زۇلال سەل ئويلانغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كەل، ئىككىيلەن تانسا ئوينايلى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم، ئۇ كۈلكىسىنى
زورىغا بېسىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن بىر نەرسە يېمىدىڭغۇ... داستىخاندا كۆرۈنمى-
دىڭ... نىجات، سەن تازىمۇ قاملاشمىغان ئادەمسەن!

زۇلالنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەن نامىق ماڭا دىققەت بىلەن
قاراپ:

— نىجات، راستتىنلا بىر نەرسە يېمىدىڭمۇ؟ — دەپ سو-
رىدى.

— يېدىم!

— خاپا كۆرۈنىسەن... بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ يا؟

— ھەئە!

— قەيىرىڭ؟

— بىلمەيمەن... بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ... قالايمىقانچىلىقتا
بىئارام بولۇۋاتىمەن.

بۇ ئارىدا ھامام زۇلالنى شەرەت بىلەن سىرتقا چاقىردى.
مېھمانلار كەتمەكچى بولدى. شۇئان مەن ئۈستۈمنى بېسىپ

تۇرغان ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلىك ھېس قىلدىم. ئۆيدىكىلەرلا قالدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ خۇش بولۇپ كەتتىم.

بىر سائەت ئىچىدە مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ بولدى. خوشلاشقانلار ئىچىدە نامىقمۇ بار ئىدى، داچىدا پەقەت ھاممامنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر ـ ئىككىسىلا قالدى.

يېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ يۇقىرىغا چىقتىم، ئۇستۇنكى قە- ۋەتنىڭ دەھلىزى قاراڭغۇ ئىدى، لېكىن ھۇجرامغا كىرگۈم كەل- مىدى، پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئارىسالدىلىق ئىچىدە زۇلال- نىڭ يۇقىرىغا چىقىشىنى كۈتتۈم.

بىر ئازدىن كېيىن زۇلالنىڭ «خۇدا ئارام ئالغىنى نېسىپ قىلسۇن!» دېگىنى ۋە ئىنگلىزچە بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئۇ مېنىڭ دەھلىزدە تۇرغانلىقىمنى كۆرسە چۆچۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ. بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن تۇرغانلىقىمنى، چىراغنى نېمىشقا ياقمايدىغانلىقىمنى سورايدۇ.

لېكىن ئەھۋال مەن ئويلىغاندەك بولمىدى، زۇلال قاراڭغۇ- ـدا مېنى كـۆرمەي ئالدىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ ھۇجرىسىغا كى- رىپ كەتتى.

ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ياپمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمە قى- لىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم، يېڭى چىققان ئاي دېرىزىدىن مارىلاپ سۈتتەك نۇرلىرىنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە چېچىپ، ھۇجرا ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ چىراغنى ياقمىدى، بېشىدىكى لېنتىلىرىنى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى.

مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدىم. گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى يورۇق دائىرە ئىچىدە يوغان بىر نەرسىنىڭ قارىسى تۇراتتى.

ئىچىمگە بىر ئاغرىق كىرىۋالدى. ئالدىمغا ئىككى قەدەم

تاشلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ دېرىزىنىڭ ئالدىدىن يانغىنىنى كۆرۈپ، تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپ قالدىم.

تېخىچە مېنى كۆرمىگەن زۇلال قوللىرىنى گىمناستىكا ئوينىغاندەك بەخىرامان يۇقىرى ـ تۆۋەن كۆتۈرۈپ، ئوڭ ـ سولغا پۇلاڭلاتتى، ئاندىن: «ئەمدى ياتاي!» دېدى.

مەن شەپە چىقارماي ھۇجرىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم، لېكىن ئاياغلىرىمنى مىدىرلىتالمىدىم. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي، كەينىمگە چېكىنىپ قاراڭغۇ بۇلۇڭغا تۈگۈلۈۋالدىم.

زۇلال غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ يېشىنىۋاتاتتى.

يۈرىكىم بىر تۈرلۈك شېرىن ھاياجان ئىچىدە قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى، ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق يېرىم يالىڭاچ كۆرمىگەنىدىم.

زۇلال كۆڭلىكىنى سافانىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، توپلەي ـ پايپاقلىرىنى كارىۋاتنىڭ تېگىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، كېچىلىك كىيىمىنى ئۈچىسىغا ئارتتى.

ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالەتتە ئىدىم، ئىچىمدە چوڭقۇر بىر خۇشاللىق ھۆكۈم سۈرەتتى، زۇلالغا ئىگە بولۇشنىڭ تەڭداشسىز بەخت ئىكەنلىكىنى مانا شۇ چاغدىلا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ھېس قىلدىم.

زۇلال ئىشىكنى تاقىدى. شۇنداق قىلىپ ھۇجرىنىڭ ئىچىدە قالدىم. ئۇ كارىۋىتىنىڭ ياپقۇچىنى ئېلىۋەتتى ـ دە، ئورنىغا كىرىپ ياتتى، ھۇجرىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن سايراۋاتقان كېچە قۇشلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پۇتلىرىم كۆيۈشۈپ دەسسىيەلمەي قالدىم، كۆكسۈمدە ئىللىق بىر ئېقىم ئاقاتتى، ھاياجانلىرىم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى.

ئىختىيارسىز يەنە بىر ـ ئىككى قەدەم تاشلىدىم. زۇلال

ئاپئاق كىرلىكلەر ئارىسىدا پىل چىشىدىن نەپىس ئىشلەنگەن ھەيكەل گۈزەللىكى ۋە پەرىلەرگە خاس سېھرىي كۈچ بىلەن سو-زۈلۈپ ياتاتتى.

يەنە بىر ئاز ئىلگىرىلىدىم، تۇيۇقسىز پۇتۇمنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە تاراقشىپ قالدى. يەنەجىم تۇرۇۋالدىم. زۇلال ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چۆچۈگەن ھالدا:

— كىم؟ — دېدى.

جاۋاب بەرمىدىم، بىر چاغدا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلى-قىمنى كۆرۈپ قېلىپ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا:

— نىجات! سەنـمىدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىد-سەن؟ — دېدى.

ئۈندىمىدىم، قېچىش ياكى مۆكۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئەدىيالنى قايرىپ كارىۋاتتىن چۈشمەكچى بولۇۋېدى، مەن يۈگۈ-رۈپ بېرىپ ئۇنى توسۇۋېلىپ يالۋۇردۇم:

— زۇلال، كېچىمگە قولاق سال... مەن بىر تەلۋە... ئەپۇ قىل...

ئۇ ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىرايىمغا قورقۇنچ بىلەن قارايتتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىزدەيسەن، نىجات؟

— بۇ يەردە نېمە ئىزدەيدىغىنىمنى بىلمەيمەن، ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايۋاتىمەن... لېكىن بەربات بولغانلىقىمنى ۋە مەنۋى جەھەتتىن ئۆلگەنلىكىمنى سېزىۋاتىمەن.

بىر ـ بىرىمىزدىن كۆزىمىزنى ئۈزمەي قارىشىپ تۇراتتۇق. كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇردۇم...بېشىم قىزىپ، كۆزلىرىم چىڭقىلىپ كەتتى. چىشىمنى چىشلىۋالدىم، كۆزۈمدىن ئىختىد-يارسىز ياشلار تۆكۈلەتتى.

زۇلال زۇۋان سۈرمەي جىم ئولتۇراتتى. ئۆكسۈشلىرىم بارغانسېرى كۈچەيدى. قەلبىمدىكى توگىمەس ئازابلار مەڭزىمنى

بويلاپ تۆكۈلۈۋاتقان تامچىلار بىلەن يۇيۇلاتتى.
بۇ ئەھۋال قانچىلىك داۋاملاشقانلىقىنى بىلمەيمەن، زۇلال. چاچلىرىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ مەيۇسلەنگەن هالدا ئاستاغىنە:
— نېمىشقا يىغلايسەن، نىجات؟ — دېدى.
ھەرقانچە قىلسامىۇ يىغىدىن ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمىدىم.
— بولدى قوي! — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — مېنىمۇ بىئارام قىلىۋاتىسەن… ئېيتقىن، زادى نېمە بولدۇڭ؟
ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، پەرىشان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاغدۇردۇم ۋە پەس ئاۋاز بىلەن:
— سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەنكى — …دېدىم.
زۇلالدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى، ھەيرانمۇ بولمىدى، بۇرۇنقىدەكلا سىلىق ئاۋازى بىلەن:
— بىلىمەن، — دېدى.
ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم، قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالغانىدىم.
— سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دېدىم گېپىمنى تەكرارلاپ.
— ھەئە، نىجات!
زۇلال مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، مەنىلىك چاقچاق بىلەن كۆزلىرىمگە قاراپ:
— ئۇنچىلىك ھەيران بولۇپ كەتمىگىن! بىلسەڭ، يەر يۈزىدە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىنى ئاڭلىمىغان ھېچقانداق ئايال يوق، — دېدى.
— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا نېمىشقا بۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلىسەن؟
— قانداق رەھىمسىزلىك قىلدىم؟
شۇئان ئېسىمنى يىغىۋالدىم: «بۇ سوئالنى قانداقلارچە ۋە

قايسى كۆچىنىڭ زورى بىلەن سورىدىم؟»

— ھېچقانداق! — دېدىم ئالدىمغا قاراپ، — مېنى كەچۈرگىن زۇلال، يالغان دەپ قويدۇم، سېنى سەن ئۆيلىغاندىن ۋە چۈشەنگەندىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۈچۈن چاقچاق قىلىۋاتىمەن، لېكىن…مانا ئەمدى ئىشەندىم. مېنىڭ گېپىمنى شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىڭ…بوپتۇ، ئېيتاي…بەلكىم ئىچىم بىر ئاز بوشاپ قالار…تارتىۋاتقان ئازابلىرىم ئازراق بولسىمۇ يېنىكلەپ قالار…

ئۇنىڭ ئالىقىنىمدا تۇرغان قولىنى ئاستا سىيلاپ قويدۇم، ئۇ فارشىلىق كۆرسەتمىدى. شۇ تاپا زۇلال چىرايىمغا مەرھەمەت، شەپقەت نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

مەن ئۇنى ھېچقاچان بۇنچىلىك يېقىملىق ھېس قىلمىغاندىم.

گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋازىم بىلەن يەنە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— مەن سېنى نەچچە يىلدىن بېرى، ھەتتا ئېسىمنى بىلگەندىمدىن تارتىپ ياخشى كۆرىمەن، بۇ مۇھەببەت ئازابلىرىدىن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بىلسەڭ، بۇ ھەسرەت مەن بىلەن تەڭ تۇغۇلغان، مەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ شۇ ئازابلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، بۇنداق ئازابلار بولمىسا ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ يېشىم چوڭايغانسېرى سەندىن باشقا ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم…

يەنە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قەلبىمدە ھەسرەت ئوتلىرى يېنىپ كەتتى، كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

زۇلال تىزلىرىغا قويۇلغان بېشىمنى سىيلاپ، چاچلىرىمنى ئويناپ تۇرۇپ ئاستاغىنە:

— بىچارە نىجات! — دېدى. ئاندىن بىردىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ بۇنچىلىك دەرد تارتقىنىڭنى بىلمەپتىمەن، شۇنداقتىمۇ

ئىستىقبالىڭنى ئويلىمىغىنىڭ خاتا، نىجات! — دەپ قويدى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. دېرىزىنىڭ تور پەردىلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي يورۇقى ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىدا جىلۋىلىنەتتى، هارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى كىشىنى شۇ قەدەر مەهلىيا قىلاتتى، كۆزلىرىمنى بۇ كۆزلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ يالۋۇردۇم:

— زۇلال، مېنى چۈشەنمەيتتىڭ، ھېلىمۇ چۈشەنمەيۋاتىدىسەن!

— ئامالىم قانچە، نىجات؟

— ماڭا ئۈمىد ۋە غەيرەت بەردىڭ… بىز قايتا ياراشساق، مېنى بەختلىك قىلساڭ باشقىچە بولۇپ كېتەتتىم!

— ھېسسىياتلىرىڭنىڭ بۇنچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىگە، مەندىن تېخىچىلا ۋاز كەچمىگەنلىكىڭگە قانداقمۇ ئىشىنەي؟ سېنىڭ ماڭا كۆيۈپ قالغانلىقىڭنى سېزەتتىم… لېكىن بۇنى ۋاقىتلىق ھېسسىيات دەپ قارايتتىم. سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا ئەھۋالنى ئوچۇق دېمىدىڭ؟

ئاچچىق كۈلۈپ كەتتىم.

— ساڭا دېيىشىم كېرەكمىدى؟ مېنى ئويۇنچۇق قىلىپ، ھەر بىر ھەرىكىتىمگە كۈلگەن، ھەربىر خاپىلىقىم ھېسابىغا كۆڭۈل ئاچقان كىشىگە دېسەم بولاتتىمۇ؟

— خاتا چۈشىنىپسەن نىجات…

— ياق زۇلال! ساڭا دېيەلمەيتتىم… سېنىڭ مىجەزىڭ مېنى بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇرمايتتى.

زۇلالنىڭ كۆزلىرى ئويغا چۆمدى. مەن يۈزۈمنى ئۇنىڭ بىلىكىگە قويۇپ كۆكسىگە يېقىنلاشتۇردۇم. ئۇنىڭ ساپ، ئىللىق ھىدلىرى دىمىقىمغا ئۇرۇلاتتى.

مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمنى چۈشەنگەن زۇلال ئۆزىنى سەل كەينىگە تارتماقچى بولدى، مەن بېشىمنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇ-

ۋالدىم.

— بېشىڭنى كۆتۈر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ قولى بىلەن مۈرەمنى ئىتتىرىپ.

مەن ئۈندىمىدىم، زۇلالمۇجىم بولۇپ قالدى.

بۇ ئەھۋال بىر ھازاغىچە داۋاملاشتى، مېنى تاتلىق ئۇيقۇ باسقاندى. بۇگۈنكى مەھلىيالىق ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشىشىنى قانمايتتىم.

زۇلال بىردىن چۆچۈپ، بېشىمنى ئىتتىردى ۋە:

— بىراق، بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ ماڭا يېقىنچىلىق قىلغىنىڭنىڭ ئەمدى نېمە ھاجىتى بار، نىجات؟ — … دېدى.

دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئاستا ئېسىمنى يىغىپ قىلغان ئىشىمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئويلىدىم.

بۇنداق قىلىشىم ماڭا ئۇمىد بېغىشلايدۇ دېگىلى بولمايتتى. پەقەتلا ئاجىزلىقىم، قابىلىيەتسىزلىكىم ۋە بىچارىلىقىمنى ئاشكارىلاشتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى.

كاللامنى چىرمىۋالغان بۇ خىياللار ئىچىدە تۇرۇپ شۇنداق دېدىم:

— بۇ سۆزلەرنى ئەمدى دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، زادى ھاجىتى يوق ئىدى، مېنى كەچۈرگىن زۇلال! ئاخشامدىن بېرى شۇنچىلىك پەرىشانمەنكى، نېمە قىلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن… ھۇجراڭغا قانداق كىرىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەپتىمەن. بەختلىك بىر كېچىنى ھەسرەتلىرىم بىلەن زەھەرلىگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر! سېنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭنى تىلەيمەن.

زۇلالنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى، بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تېخىمۇ تۇتالمىدىم. بېشىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ:

— سېنى دەپ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ساقلاپ كەلگەن خاتا پىكىرلىرىمنى بۇ ياشلار يۇيۇپ كەتسۇن، — دېدىم، — لېكىن

بۇنى قەلبىڭنىڭ سەزگەنلىكىنى ماڭا ئۇقتۇرمىساڭ ياخشى بولات-تى. ئەمدى مەن بۇگۈن كېچىدىن باشلاپ سېنى تېخىمۇ كۆپرەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم...

ئۇ ئاستاغىنە بېشىنى قوللىرىمدىن تارتىۋالماقچى بولدى.

— ھەقىقەتەن مېنى ئىنتايىن مەيۈسلەندۈردۈڭ! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. دېرىزىدىن ئۇزاقلارغا قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدى؟ نېمىشقا؟ — دېدى.

يۈزىنى يۈزۈمگە ياقتىم. لەۋلىرىم يۈزلىرىدىن ئاققان ياشلار بىلەن نەملەندى.

سۆيۈشلىرىمدىن ئۆزىنى قاچۇرماي جىم تۇراتتى.

لېكىن بۇ ھال ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، زۇلال تېزلىكتە كەينىگە داجىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئىككىلىمىز بىكاردىن خاپىلىق تارتىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ، — تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئەمدى ھۇجراڭغا چىقىپ كەت!

مەنمۇ سەنتىرەكلەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— ئۇتۇنۇپ قالاي، يېنىڭدا يەنە بىردەم تۇراي!

— ياق!...بولمايدۇ، نىجات! مەندىن نېمە كۈتىسەن؟

......

— گەپ قىلمايسەنغۇ... ئەگەر بۇ كېچە ساڭا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىنىمنى باشقىچە چۈشەنسەڭ خاتا قىلغان بولىسەن، سېنى بەك پەرىشان كۆرگىنىم ئۈچۈن قاتتىق مۇئامىلە قىلمى-دىم، بۇ ئىش پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا بولىدۇ... سېنى ھەر دائىم ھەقىقىي قېرىنداش سۈپىتىدە كۆرۈشنى خالايمەن. ئاڭلى-دىڭمۇ نىجات؟...

زۇلال بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا زادى كۈلمىدى. قاراشلىرىدا جىددىي بىر مەنە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئۈمىدسىز ئاۋاز بىلەن:
— شۇنداق، — دېدىم.
— ئۇنداق بولسا مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ كەت!
ئاخىرقى سۆزى بۇيرۇق ئىدى، جاھىللىق قىلىشتىن ھېچ پايدا چىقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ئاياغلىرىمنى ئاران سۆرەپ ھۇجرىدىن چىقتىم.
«ئاھ خۇدا! نېمە ئىش بولدى؟ مېنى بۇنداق قىلدۇرغان قايسى كۈچ؟...بۇ مەغرۇر قىزنىڭ ئالدىدا قەلبىمنىڭ چىن سىر-رىنى نېمىشقا ئاشكارىلىغاندىمەن!»
دېرىزىنىڭ ئالدىدا بېشىمنى رامغا قويۇپ ئولتۇردۇم. يېڭى كۆتۈرۈلگەن تاڭ سۈبھىسى ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان دېڭىزغا قارى-غىنىمچە ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى ئويلاشقا باشلىدىم.
بۇ كېچە يۇز بەرگەن ئىشلار ھەقىقەتەن بىر چۈش ئىدى. لېكىن ئۇ شۇنداق ساپ، گۈزەل ۋە شېرىن چۈش! ئۇنىڭ مەڭزى-لىرىنىڭ ھارارىتى، كۆز ياشلىرىنىڭ لەززىتى لەۋلىرىمدىن تې-خىچە كەتمىگەنىدى.
ئاھ! تۇرمۇشتا ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان بىرەرىنى سۆيۈش-تەك ئۈمىدسىز مۇھەببەتنىڭ ئازابى نېمىدېگەن يامان - ھە!
ساھىلدىكى داچىدا چوڭ بىر پائالىيەت باشلىنىپ، سېنتە-بىرگە قارار قىلىنغان توي ھازىرلىقلىرى كېتىۋاتاتتى.
بىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ توي كىيىملىرىنى تىكى-ۋاتقان ماشىنىچىنىڭ تېخى قايتمىغانلىقىنى، زۇلالنىڭ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى پىرمىنكا قىلدۇرۇش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
ئۇنىڭ يېنىغا كىرگۈم كەلمەي ئەسۋەد قالغا بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ چىقاي دەپ ئاشخانىغا كىردىم.
ئۇ كەچلىك تاماق تەييارلاۋاتاتتى، مېنى كۆرۈپ كۈلگەن ھالدا:

— كەل يىگىت! قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى
— ياخشى! نېمە تاماق ئېتىۋاتىسىز؟ — دېدىم.
— سەن ئامراق تاماقنى، قارىغىنا!...

قازان بېشىغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. مەن مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن بىر ئادەم ئىدىم... قەلبىمدىكى جاراھەت كۈندىن ـ كۈنگە چوڭايماقتا، دەردلىرىم كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى.

قالغا ماڭا كۈندۈزى بولغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى، زۇلالنىڭ تويى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى خۇشال سۆزلەپ بەردى.

بېشىمنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغىنىمدا كۆزلىرىم ئاچچىق ياشلار بىلەن تولغانىدى.

خۇداغا شۈكۈر، ئاشخانا سەل قاراڭغۇ بولغاچقا قالغانىڭ تورلاشقان كۆزلىرى بۇ يوشۇرۇن ياشلارنى پەرق ئېتەلمەيتتى.

بىر ئازدىن كېيىن سىرتتا ئاياغ تىۋىشلىرى ۋە گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى. زۇلالنىڭ ماشىنىچىنى ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي باغچە دەرۋازىسى تاقالدى. زۇلال يېنىك ناخشا ئېيتىپ ئاشخانىغا كىردى، مەن كەينىمنى قىلىپ تۇرۇۋالدىم.

ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاشتى، ئارقىدىنلا زۇلالنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھە، نىجات، سەن بۇ يەردىمىدىڭ؟ قالغا ھەدەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتامسىلەر؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ، — ماشىنىچىدىلىق ئىشىڭلاردىن ئىچىم پۇشۇپ بۇ يەردە ئولتۇرغۇم كەلدى.

زۇلال ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شەھلا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئۈمىدسىز ھالدا:

— مەنمۇ زېرىكتىم! — دېدى. ئاندىن دەھلىزگە چىققان

ھامامغا قاراپ، — ئاپا، بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم، قالغان ئىشلارنى قالغا ھەدەم يىغىشتۇرۇۋەتسۇن! — دېدى.

— ماقۇل زۇلال، باغچىغا چىقىپ ھاۋا يەپ كىر...قارا، نىجاتمۇ كەپتۇ... — دېدى ھامام.

بۇ تەكلىپ زۇلالغا خوپ ياقتى:

— راست، — دېدى ئۇ، — بىر ئاز ھاۋا يەپ كىرەي!

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ زۇلالنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. باغچىغا چىقتۇق. كۈن پاتقانىدى. ئىللىق شامالدىن قىلچە ئەسەر يوق، دېڭىز يۈزى كۆلدەك جىمجىت ئىدى. ئىككىيلەن ساھىل كۆۋرۈكىگە قاراپ ماڭدۇق. مەندىكى خىلمۇ خىل ھېسسىياتلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتتى.

ئۇ نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك بىقارار ھالەتتە قەدىمىنى توختاتتى. بۇ ئاخشام نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇنىڭ شەپەق قىزىللىقى بىلەن رەڭ ئالغان ھۆسنىگە پۈتۈن مۇھەببىتىم بىلەن قارىدىم، ھارغىنلىق ۋە ئىچ پۇشۇقىدىن قىزارغان چېھرىدىكى تەر باسقان چېكىسىگە يېپەكتەك پارقىرىغان چاچلىرىدىن بىر نەچچە تال چۈشۈپ تۇراتتى. ئىنچىكە قاشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپىقىنى تۈرگەن ۋاقىتلىرىدا پەيدا بولىدىغان بىلىنەر - بىلىنمەس سىزىقلار كۆزگە چېلىقاتتى.

ئۇ يالىڭاچ بىلەكلىرىنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ قويۇپ خىيالچان كۆزلىرىنى ماڭا ئاغدۇردى!

— تەرلەپ كەتتىم، ئۇچامغا بىر نەرسە ئارتىۋالايمىكىن.

مەن دەرھال ئۆي تەرەپكە تەمشەلگەنىدىم، بىلىكىمنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ يەردىغۇ توڭلىمايمەن، بىردەم قېيىقتا تاماشا قىلايلىمىكىن دېگەنىدىم!...

خۇشاللىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— ئۇچاڭغا بىر نەرسە ئەكېلەي، — دېدىم.

— بولدىلا، ھاۋا ئوچۇقتۇ!
— كېيىن توڭلاپ قالارسەنمىكىن...
— ئانچە ئۇزۇن يۈرمەسمىز...

زۇلال گېپىدىن يېنىۋالمىسۇن دەپ دەرھال قۇلۋاقنى تەييارلىدىم.

ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ چەبدەسلىك بىلەن قۇلۋاققا سەكرەپ چۈشتى.

پالاقنى كۈچ بىلەن ئۇرۇپ قىرغاقتىن بىر ئاز يىراقلاشماقچى بولدۇم. ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنگەندەك:

— قىرغاقنى بويلاپ ماڭغىنىمىز ياخشىغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— قۇلۋاققا قىرغاقتىن يىراقلايمىز دەپ چۈشتۇق، — دېدىم مەن.

زۇلال گېپىمگە كۈلۈپ قويدى. ئۇ قوللىرىغا تايىنىپ ئولتۇرغاچ، ھاردۇقنى چىقارغاچ يىراقلارنى تاماشا قىلدى.

بىر پەستىلا، قىرغاقتىن خېلى يىراقلاپ كەتتۇق. پالاق ئۇرۇشنى ئاستا - ئاستا توختاتتىم.

زۇلال ماڭا يېقىملىق ۋە ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن قاراپ:

— ھاردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — ...دېدىم مەن ۋە بېشىمنى قۇياش نۇرىنىڭ ئاخىرقى قىزىللىقلىرىغا پۈركەنگەن ئاناتولىيە قىرغاقلىرىغا بۇرۇدۇم، لېكىن زۇلال مېنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز:

— نېمە ئانچە سارغىيىپ كەتتىڭ نىجات! خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ يا؟ — دېدى ئۇ.

— ياق! — دەپ جاۋاب بەردىم مەن بوش ئاۋاز بىلەن.

— كىچىك باللاردەك قىلىپ يۈرسەن نىجات. كۆڭلۈڭگە كېلىدىغان بىرەر ئىش قىلدىممۇ؟

— ياق، زۇلال!

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆزۈڭنى بۇنچىۋالا ئۇپرىتىسەن؟ ئەگەر توي قىلىشىمغا رەنجىسەڭ كۈتۈشۈڭ كېرەك ئىدىغۇ!

— كۈتەتتىم... لېكىن بۇ كۈتۈش گويا تىرىك ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتكەندەك ئۇزۇن، چۈشىنىكسىز بولغاچقا، ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىغا زادى كاللام يەتمىدى...

— بۇنى ئۆلۈمگە ئوخشاتساڭ بولمايدۇ! مېنى دائىم كۆرۈۋاتىسەن... ساڭا قارىتا يا كۆڭلۈمدە يا ھەرىكىتىمدە ھېچقانداق باشقىچە ئۆزگىرىش يوققۇ...

لەۋلىرىمدە كىنايىلىك كۈلكە پەيدا بولدى. ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم.

— ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوقمۇ؟ مۇشۇ گېپىڭدە چىڭ تۇرالامسەن؟

— نېمىشقا چىڭ تۇرماي!

— بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا تەسەللى بەرمەكچىمۇ سەن، زۇلال!

— ياق، جېنىم...راستىنى ئېيتىۋاتىمەن...

— راستى ئۇنداق ئەمەس! راستى ئېچىنىشلىق، شۇنداق ئېچىنىشلىقكى!...

— مېنىڭ توي قىلىشىمنى خالىمىغان ئادەم نېمە ئۈچۈن ئاغىنەڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش تەرەپدارى بولىسەن؟

— مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ قويغان.

— قانداق ۋەدە؟

— سېنى ماقۇل قىلىش ۋەدىسى! ئۇ مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى تەلەپ قىلغان.

— ئۇنداق بولسا خۇددى بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقتەك قىلىق قىلىۋاتىسەنغۇ؟

— شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلدى.

— ئاجايىپ بالىسەن - دە، نىجات!
— بەلكى شۇنداقتىمەن! چۈنكى بەختىمنى باشقىلارغا ئۆتتۇ-
ئۈپ بېرىش ئۈچۈن ئارىغا كىردىم، بۇ بىرىنى ياخشى كۆرگەن
كىشىلەر قىلىدىغان ئىش ئەمەس.
— توغرا!
— نامىق سېنى تۇرمۇشتا ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىڭگە
يەتكۈزەلەيدۇ!
ئۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى ۋە ئىچ ئاغرىتقان هالدا
چىرايىمغا قارىدى. مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردۇم، شۇ
تاپتا ئۆزۈمنى ئەرزىمەس ۋە بىچارە هېس قىلدىم. قەلبىم پۇشاي-
مان بىلەن تولدى. بىر ئازدىن كېيىن خۇددى چۈشۈمدە بىرى
بىلەن سۆزلەشكەندەك:
— كىشىلەر ماڭغان خاتا يولنى دەرهال سېزىۋالسا ئىدى،
يەر يۈزىدە ئىزتىراپنىڭ مەنىسى قالمىغان بولاتتى. مەن سەن
ئۈچۈن ئۆزۈمنى پىدا قىلدىم. ... لېكىن بۇ پىداكارلىقنىڭ ئىن-
كار بولۇشىنى بىلگەن بولسامۇ، دەرهال خاتالىقىمدىن ياناتتىم.
ئۇ رەنجىگەندەك، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭا كايىپ كەت-
تى:
— قايسى ئەقلىڭ بىلەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدىڭ؟...
نېمىشقا ئويلىمىدىڭ؟ ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن بىر قىزنى
قولغا كەلتۈرىمەن دېسەڭ ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن هالدا ئوقۇ-
شۇڭ كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئېيتىپ قوياي، نىجات، مەن بۈگۈن
ساڭا هېسداشلىق قىلىشتىن باشقا هېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەل-
مەيمەن!...
نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا
بېرىپ ئولتۇردۇم، بۇ هەرىكىتىمگە ئۇ دەسلەپ قارشى چىقماقچى
بولدى، كېيىن يۈزۈمنى ئالىقىنىغا قويۇۋېلىپ كىچىك بالىدەك
يىغلاپ كەتتىم. زۇلال بۇ هالىمنى كۆرۈپ ئۈندىمىدى.

قانچىلىك يىغلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن… ئىچىم سىرىلىپ، كۆزلىرىم ئىششىپ كەتكەندى. لېكىن ئۇنىڭ ئالىقىنىغا تۆككەن كۆز ياشلىرىم، قەلبىمدىكى ئاشۇ چوڭقۇر ئىزتىراپنى بىر ئاز يېنىكلەتكەندەك قىلدى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ، گارالڭ - گۇرۇلڭ ئاۋاز بىلەن:

— زۇلال، — دەپ سۆز باشلىدىم، — شۇ تاپتا سېنى خاپا قىلىپ قويغىنىمنى بىلىمەن، مېنى كەچۈرگىن! …سەندىن ئارتۇق بىر نەرسە كۈتمەيمەن…

زۇلالنىڭ كۆز نۇرى خىرەلەشتى. بېشىمنى ئالىقىنى ئاردىسىغا ئېلىپ:

— سېنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، نىجات! …لېكىن چىدامىلىق بولۇشۇڭ كېرەك! …دۇنيادا مەندىن باشقا قىز يوقمۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ مۇرىلىرىنى تۇتۇپ قاتتىق سىلكىدىم:

— بۇ گېپىڭنى قوي! مېنى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك قىلما!

— بىچارە …سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرمە! باشقىلار بىلەنمۇ بەختلىك بولالايسەن!

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن زۇلال؟ قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان مۇھەببەتتىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ، باشقا بىر بەخت ئىزدىشىم مۇمكىنمۇ؟

— بۇ مۇھەببەتتىن ۋاز كەچ!

— بۇنىڭغا سەن بىر ئاسان چارە كۆرسەت، مەن شۇ بويىچە ئىش كۆرەي!

— مەندىن نېرى كەت!

— بۇ چارەڭگە كۆلمەكتىن باشقا ئامال يوق. . . سەندىن يىراقتا تۇرۇشنىڭ دىردىنىمۇ تارتىپ كۆرگەنمەن.

ئېغىر خۇرسىندىم، بىلەكلىرىم ئۇنىڭ بىلىكىدە، بېشىم كۆكسىدە ئىدى، ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقان ھالەتتە ئىدىم.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى. كۆن پېتىپ، گۇگۇم چۈشكەندى. قىرغاقتىن چوقان ـ سۈرەنلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئېلېكترلار يېقىلغان، پاراخوتلار بوغازدىن ئاخىرقى يولۇچىلارنى توشۇماقتا ئىدى!

زۇلال تۈيۈقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نىجات، كەچ كىرىپ كەتتى! . . . ئەمدى قايتايلى! — دېدى.

بۇ سۆزگە ئانچە ئالدىراپ كەتمىدىم، سالماقلىق بىلەن:

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن باللىق چاغلىرىمدا بەزىدە بېشىمنى تىزىڭغا قويۇۋالاتتىم! . . . ئۇ چاغلاردا مېنى مۇشتلاپ ئىتتىرىۋېتەتتىڭ. لېكىن جېنىم قانچىلىك ئاغرىسىمۇ ئۇرۇشلىرىڭ ماڭا روھى ئوزۇق بولاتتى.

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە بار، — دېدى زۇلال، — بىر كۈنى بېشىڭنى تىزىمدىن كۆتۈرگۈزمەي بىر تۇتام چېچىڭنىمۇ يۇلۇۋەتكەنىدىم.

زۇلال بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا بىر خىل ھەيرانلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— لېكىن نىجات، بۇلار بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى ئىشلار! — دېدى.

— شۇنداق!

— شۇ چاغدىن بېرىمۇ؟...شۇنچە كىچىك چېغىڭدىن باشلاپ ـ ھە؟

— بۇنىڭ نېمىسىگە ھەيران بولىسەن؟

— ئەقلىگە سىغمايدۇ.

— ئىشەنمەيۋاتامسەن يا؟

— ئىشىنىمەن نىجات! لېكىن شۇنچە يىللاردىن بېرى سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتۈپ كەلگىنىڭگە ھەيران بولۇۋاتىمەن.

قېنى قايتايلى، مۇزلاپ كەتتىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چاپىنىمنى سالدىم ـ دە، ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يېپىپ قويدۇم.

شۇ تاپتا زۇلالنىڭ كۆزى گويا تەركىدۇنيا بولۇپ ئەتراپتىكى مۇھىتتىن ئايرىلغاندەك چوڭقۇر خىياللار قاينىمىدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى.

— يەنە بىر ئاز تۇرايلىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭـ ـدىن.

— ياق، ياق! ئاپام ئەنسىرەيدۇ.

ئاخىرقى سۆزىنى كەسكىن ئېيتقانلىقى ئۈچۈن قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. قېيىقنىڭ بېشىنى بۇراپ بويۇكدەرەگە قاراپ تېز يول ئالدۇق. ئون مىنۇتتىن كېيىن قولۋاق داچىنىڭ قىرـ غىقىغا كېلىپ توختىدى.

## 7

ئىككى يېرىم ئايدىن بېرى ھېچنەرسە يازمىدىم، سەۋەبى، بىر مۇنچە دەرد ـ ئەلەملىرىمنى ئۇقتۇرىدىغان قۇرلار بىلەن سەھىپىلەرنى تولدۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، لېكىن بۇ ئارىدا يېـ ـزىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى: ئەسەرلىرىم نەشر قىلىنىشقا باشلىدى...

بىر كۈنى ياۋەرسۇخا بەگ داچىغا كەلگەنىدى، ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ ناھايىتى قىزىقتى. بولۇپمۇ نەسىرلىرىمدىكى راۋان ئۇسـ ـلۇب ئۇستىدە توختىلىپ بۇ يولدا تىرىشسام مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىـ ـشىدىغانلىقىمنى ئېيتتى ۋە تاللاپ ئەكەتكەن بىر نەچچە ھېكايەمنى ئىتتىكلا بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن، يېزىقچىلىققا نىسبەتەن مەندە تېخىمۇ چوڭ ھەۋەس قوزغالدى.

تۈنۈگۈن ئاخشام بىر تارىخىي ۋەقەنى ئۆگىنىشىمگە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاغامنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلانماقچى بولدۇم.

كۇتۇپخانا زۆلالنىڭ ھۇجرىسىنىڭ يېنىدا ئىدى. مەن ئاستا كىرىپ لامپۇچكىنى ياندۇردۇم ۋە تارىخ توملىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى سەزمەپتىمەن، بىردىن كەينىمدە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام زۆلال ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ.

— سەنمىدىڭ نىجات؟... بىر نەرسە تاراقلىغاندەك قىلدى، نېمىكىن دەپتىمەن...

— ھەئە، مەن ئىدىم.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ يېنىمغا كەلدى.

— نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟

— ئەسىرىمگە كىرگۈزىدىغان بىر تارىخىي ۋەقەنى ئۆگىنىشىمگە توغرا كەلگەنىدى. شۇ توغرىدا بەزى خاتىرىلەرنى ئىزدەۋاتىمەن...

— يېرىم كېچە بولدى! يەنە ئىشلەمسەن؟ — دېدى زۆلال قولۇمدىن تارتىپ.

— ئۇيقۇم كەلمىدى، — دېدىم قولۇمدىكى قېلىن كىتابنى جايىغا قويۇپ، — راستىمنى ئېيتسام، كۈندۈزى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقتىم يوق.

— دېمەك، ھازىر ياتمايدىكەنسەن ـ دە؟

— ھەئە!

— زۆلال ئويلىنىپ قالدى. چېكىسىگە چۈشكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ ماڭا قارىدى.

— بۇ كېچە مېنىڭمۇ ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى... ئىسسىقتىن بولسا كېرەك... ساڭا تەسىر يەتمىسە بىر ئاز ئولتۇرايمۇ؟

مەن ئۇنىڭ نېپىز كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىكى پاك ۋە هاياتىي كۈچكە تولغان ۋۇجۇدىنى خىيالەن قۇچاقلاپ، ئاجايىپ خۇشاللىق ئىچىدە بىقارار بولدۇم.

— شۇنداق قىلساڭ ناهايىتى خۇرسەن بولاتتىم! — دېدىم مەن.

قانداقتۇر بىر خىل بېشارەت ماڭا بۇ كېچە ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى.

تەمكىنلىكىمنى يوقاتماسلىق، هاياجانلىرىمنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ ئۇستەلنىڭ بېشىغا ئۆ-تۈپ ئولتۇردۇم.

زۇلالنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدىم، بۇنداق قىلىشىم ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. .زۇلال قەغەزلىرىمنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ، لىككىدە ئۇستەلنىڭ گىرۋىكىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئىككىمىز يېقىن ئولتۇردۇق.

ئۇ چىرايىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ:

— ئىشلەۋەرگىن! — دېدى.

ئالدىمغا ئىڭىشىپ قوللىرىمنى ئۇستەلگە تىرەپ ئاستاغىنە:

— مۇمكىنمۇ؟ — ... دېدىم.

— ئەمىسە چىقىپ كېتىمەن!

چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەن زۇلالنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇ-ۋالدىم.

— ياق زۇلال! ... مەن بۇ كېچە شۇنداق خۇشالكى، پەيزىمە-نى قاچۇرما!

— بىراق ئىشىڭنى تاشلاپ قويدۇڭ!

— ئىشلەي دېسەم پۈتۈن كېچىلەر مېنىڭ قولۇمدا ... لېكىن سەن بىلەن بىللە ئولتۇرىدىغان بۇنداق پۇرسەت قولۇمدا ئەمەس...

ئۇنىڭ هۆسنىگە تويماي قارايتتىم:

— نېمىدېگەن گۈزەلسەن زۇلال! — دېدىم ئاستاغىنە.
زۇلال مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن خۇش بولدى، كۆزلىرىگە شۇنچىلىك تەشنالىق بىلەن قارىدىكى بۇنى «مۇھەببەت» دېسىمۇ بولاتتى.
— بىز بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى! — دېدى ئۇ قوللىرىنى تارتىۋېلىپ.
— ئۇنداق بولسا، قانداق سۆزلىشىمىز؟
— تېخىمۇ ئەستايىدىل...
— ئەستايىدىللىقنى ماڭا خوپ كۆرمەيۋاتىسەن...
— ئۇ باشقا گەپ!
بىردەم جىم بولۇپ قالدۇق. كېچە شۇنچىلىك جىمجىت ئىدى. ئۇچۇق دېرىزىدىن ئىزغىرىن دېڭىز شامىلى كىرىپ تۇ-راتتى. كۈمۈش رەڭ ئاي يورۇقى تور پەردىلەردىن چۈشۈپ تۇراتتى.
زۇلال كەينىگە يېنىپ ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى سافاغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە:
— مەيەرگە كەل! — دەپ ماڭا شەرەت قىلدى.
ئېھتىيات بىلەن يېنىغا باردىم، ئۇ كەينىگە سەل داجىپ ياستۇقلارغا يۆلەندى. دېمەك، ئۇنىڭ ئاغرىۋاتقان بېشىنى سەگىتـ-مەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم.
— ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ زۇلال؟ — دەپ سورىدىم.
— ياق! ...سەن بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىۋاتىدۇ...
يېنىغا بېرىپ قولىنى تۇتتۇم.
زۇلال جىم تۇردى.
كىرپىكلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ماڭا ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن:
— ساڭا ناھەقلىق قىلغىنىم ئۈچۈن تولىمۇ خىجالەتمەن. بىچارە ئىجاتىم! مېنى نېمىشقا بۇنچە ياخشى كۆرىسەن؟ — دېدى.
يېقىن ئولتۇرۇپ زۇلالنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا تويـ-

ـماي باققىنىمدا، تىنىقلىرىم ئۇنىڭ نازۇك بويلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى.

— نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟

— مېنىڭچە، كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلار ياخشى كۆرمىگەنـلىكىنى، بولۇپمۇ ئۆزگە خىيانەت قىلغانلىقىنى چۈشەنگەندە ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن ۋاز كېچىدۇ...

— مېنى ياخشى كۆرمەمسەن، زۇلال؟

— سېنى ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئەمەس، كىچىكلىك بىر قېرىنداشلىق مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرىمەن!

......

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— سېنى مەشۇقۇم بولۇپ مېنى ياخشى كۆرسە ئىكەن دەپ ئويلاۋاتىمەن، شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ئېھتىمال...

مەن تۈن قاراڭغۇسى قوينىغا قارىغىنىمچە خىيالغا چۆكتۇم، نامىقنىڭ يېقىملىق، خۇشخۇي چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئىـچىمنى قاتتىق بىر ھەسرەت تاتلاشقا باشلىدى.

— ئۇسىنىڭ قەدرىڭگە يېتەرمۇ زۇلال؟

— ھەر ھالدا يېتەر دەيمەن!...

ئۇ كىرپىكلىرىنى شۇنداق شوخ تاشلىۋېدى، شۇ ھامان يۈرىكىمگە رەشك ئوتى تۇتاشتى.

زۇلال چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ، كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرـنى چۈشەندى، لېكىن نېمىشقىدۇ، يەنە مېنى ئازابلىغىلى تۇردى.

— نامىق بالا ۋاقتىدىمۇ شۇنداق چىرايلىقمىدى؟ — دېدى ئۇ.

— ھەئە! — دېدىم گېلىمنى قىرىپ.

— ئۇ توغرۇلۇق بىر ئاز پاراڭ سېلىپ بەرگىنە! ئۆزى شوخمىدى، دەرسلەردە قانداق ئىدى.

مەن زۇلالغا قاپىقىمنى تۇردۇم، ئۇمۇ بۇنى بىلدى بولغاي، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئاچچىقىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ بولمىسا، باشقا گەپكە ئۆتەيلى — ... دېدى.

بىر هازاغىچە كۆزلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئۈزمەي جىمجىت تۇردۇق. مېنىڭ قاراشلىرىمدا ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا زۇلال ھېسداشلىق قىلغاندەك، چاقچاق ئارىلاش دېدى:

— سېنى ئۆيلەپ قويايلى، نىجات!

— يۈزۈمگە سوغۇق سۇ سەپكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ!

— سۆزۈم چۈشىنىكسىز بولۇپ قالدىمۇ؟

— ئارانلا چۈشەندىم.

— چاقچىقىڭنى قوي، گەپنىڭ ئوچىقىنى دېيىشەيلى... بۇنى مەن ئۆتكەندە خېلى ئويلىغان. سېنى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز بىلەن توي قىلساڭ بەختلىك بولىسەن!

— شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت... لېكىن مېنى بەختلىك قىلىدىغان باشقا بىرقىز يەر يۈزىدە مەۋجۇت ئەمەس!

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ! ...مەن ئۇ قىزنى تونۇيمەن. ئورنۇمدىن سەكرەپ كەتكۈدەك بولدۇم.

— كىمنى دېمەكچى بولىسەن؟

— دىدارنى!

بىردىن شۇنداق سەت قاقاقلاپ كۈلدۈمكى، ئاۋازىمنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم.

— ساڭا كۆپ رەھمەت!

— ئاقلىق چاي كېچىسى ئىككىڭلارنى ساھىل كۆۋرۈكىدە يالغۇز ئۇچراتقىنىمىزدا سەل گۇمان قىلغانىدۇق، كېيىن سەندە ئۇنداق ئىش يوقلۇقىنى چۈشەندىم... بىراق بىچارە قىزنىڭ ساڭا

كۆڭلى بولسا كېرەك! — دېدى زۇلالمۇ كۈلۈپ كېتىپ.
باشقا كۆڭلى بولغانلارغا ئوخشاش ئۇمۇ يولىنى تېپىۋالسۇن!
زۇلال تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ بېشىمنى كۆكسىگە باستى.
شۇ چاغدا مەنمۇ قوللىرىمنى بېلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم...
ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم. شۇئاندا زۇلالنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى لەۋلىرىمگە تەگدى، بىر خىل يېقىملىق سېزىم يۈرىكىمگە، ئاندىن ۋۇجۇدۇمغا يامرىدى. بۇ يىللار بويى خىيالىمدىن چىقمىغان ئوتلۇق سۆيۈشۈشلەر ئىدى.
ۋۇجۇدۇم لاۋۇلداپ ياناتتى. قەلبىمدىكى ئوت يالقۇنلار لاۋىدەك لەۋلىرىمدىن ئۇنىڭ قەلبىگە ئاقاتتى.
هايات كۆز ئالدىمدىن پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى. زۇلالنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتكەندەك چىڭ يۇمۇلغانىدى.
شۇ ئەسنادا زۇلال بىردىن يۇلقۇنۇپ قۇچىقىمدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى، ئاندىن ماڭا مەنىلىك قاراپ كەسكىن تۇردە:
— قويۇۋەت! بولدى، يېتەر! قويۇۋەت! — دېدى.
بۇ ئەڭ قاتتىق بۇيرۇق ئىدى. بېشىمنى كۆكسىگە تىرەپ، يارىلانغان كېيىكتەك تەلمۈردۈم.
— زۇلال، مۇمكىنمۇ؟...
چاچلىرىم يۇلۇندى، قۇلاقلىرىم سوزۇلدى. بېشىم ئاغرىغاندەك بولدى. ئاچچىقى كەلگەن زۇلالنىڭ ئاۋازى ناھايىتى قاتتىق ۋە كەسكىن ئىدى.
— قويۇۋەت دېدىم نىجات! ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! ئاڭلىمايۋاتامسەن؟ چۈشەنمەيۋاتامسەن؟
— ياق!
زۇلال شارتتىلا ئورنىدىن تۇردى، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە شۈبھىلىك نەزەر بىلەن قارىشىپ تۇردۇق.
ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، مەڭزىلىرى ھۆپپىدە قىزى-

رىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەندى، لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۇزۇۋالغۇدەك قىلاتتى.

زۇلال كۆڭلىكىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەن ياقىسىنى ئېتىۋېتىپ:

— ساڭا ئىشەنچ قىلىپ خاتالىشىپتىمەن، — دېدى.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم:

— زۇلال، يەر يۈزىدە مەندەك ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن! گۇناھىمنى كەچۈر... بەزىدە كىشىلەرنىڭ هاياتىدا سەۋر پەيمانى تولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگىن!

ئاچچىقىدا يېرىلاي دەپ قالغان زۇلال چاچىلىداپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۇنچىلىك هەددىڭدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن! ياخشىلىقنى بىلمىدىڭ، مېنىڭ باشقا بىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭ.

— زۇلال!

— بولدى، قوي! ساڭا قىلغان يېقىنچىلىقلىرىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن!

مەن چىشلىرىمنى چىشلىگەن هالدا ئۇستەلگە تايىنىپ قالدىم.

— مېنى خاتا چۈشىنىۋاتىسەن. هەددىمدىن ئېشىپ كەتكىنىمنى بىلىمەن، لېكىن بولغۇلۇق بولدى، خاتالىقىمنى كەچۈرگىن!

ئۆزۈمنى تۇتالماي سافاغا دۈم يېتىپ كىچىك بالىلاردەك ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدىم.

ئىچىمگە ئوت كەتتى، زۇلالنى هېچقاچان بۇ كېچىدىكىدەك سۆيگۈنۈمنى ئەسلىيەلمەيمەن.

ئۇنىڭ ئاستا يېنىمغا كېلىپ سافانىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغىنىنى سەزدىم. ئۇ مۇزدەك قوللىرى بىلەن ئەيمەنگەن هالدا بېشىمنى سىيلىدى:

— كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىسەن نىجات! بۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئويلانماستىنلا:

— بىرلا چارە بار: سەن مېنىڭ بولۇشۇڭ كېرەك! — دېدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— نامىق بىلەن توي قىلما! ئىككىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش شەرت!

— پۈتۈنلەي ئاڭسىز ئادەمدەك گەپ قىلىۋاتىسەن!

— ياق! شۇنىمۇ بىلىپ قوي، نامىق سېنى بەختلىك قىلالمايدۇ!

ئۇ هەيران بولۇپ چىرايىمغا قاراپ، جىددىي ئاۋاز بىلەن:

— سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى.

— چۈنكى …هە… چۈنكى…

— نېمىشقا تىلىڭنى چاينايسەن؟ …بىرەر ئەھۋالنى بىلەتتىڭمۇ؟

— هەئە!

— نېمىنى بىلىسەن؟

— نامىق سېنى بەختلىك قىلالمايدۇ!

— ئاڭلىدىم، نېمە ئۈچۈن؟

— بىردىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، نېمىلەرنىدۇ قىلغۇم، نېمىلەرنىدۇ دېگۈم كېلەتتى.

— هە — …دەپ دۇدۇقلىدىم، — سەن ئۇنىڭ بولالمايسەن!

— زۇلال زاڭلىق قىلغاندەك كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ،

ماڭا ئەندىشىلىك قارىدى.

— بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟

مەن زۇلالنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرىنى تۇتتۇم، ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ:

— زۇلال! سېنىڭ دەردىڭدە ساراڭ بولاي دەپ قالدىم... سەنمۇ... سەنمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانسەن... توختا... سۆزۈمنى دەۋالاي. بىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن يارىتىلغان. نېمە ئۈچۈن ئارىمىزغا بىر ياتنى كىرگۈزىمىز؟ ياخشى ئويلان! كېيىن پۇشاي-ماندا قالىسەن! سېنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىرىشىمەن... گەپ قىل زۇلال! ماڭا جاۋاب بەر...

— ساراڭ بولۇپ قاپسەن، نىجات!

— ياق ساراڭ بولمىدىم... سۆزنىڭ ئوچۇقىنى قىلىشقا كېچىكىپ قالدىم. ... ماڭا ئىشەن زۇلال! ... نېمە تەلەپىڭ بولسا ئورۇندايمەن... قانداق بولىدىغانلىقىڭنى كېيىن كۆرۈپ قالىسەن!

زۇلالنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، قوللىرىنى قوللىرىمدىن تارتىۋېلىپ كەسكىن ئاۋازدا:

— سەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتكىنىڭنى سەزمىدىڭمۇ؟ يېقىن ئاغىنەڭنىڭ قىزىنى تارتىۋې-لىشقا ئۇرۇنۇش قانداق گەپ، بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا ۋاستىچى بولغان ئۆزۈڭ! ئەمدى قانداق قىلىپ ئۆز قو-لۇڭ بىلەن يېتىشتۈرگەن ياش نوتىنى يۇلۇۋېلىشقا، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا ۋىجدانىڭ يول قويىدۇ؟

— راست، ۋىجدانىم يول قويمايتتى... مېنى شۇنداق قى-لىشقا مەجبۇر قىلمىغان بولساڭ، ھېچقاچان بۇنداق چاكىنىلاش-مىغان بولاتتىم... ھەمدى كەينىمگە قايتالمايمەن، شۇ تاپتا ساڭا ھەقىقەتنى تونۇۋېلىشىڭ ئۈچۈنلا يېلىنىۋاتىمەن... سۆزۈمنى ئاڭلا زۇلال! ...

— بىز نامىق بىلەن كېلىشتۇق، بىر - بىرىمىزنى ياخشى

كۆردۈق…بايامقى قىلىقلىرىڭغا يول قويغان بولسامىۇ، بۇلارنى بىردىنبىر خاتالىقىم دەپ تونۇيمەن.
— خاتالىق ئەمەس زۇلال! سەن ئىختىيارسىز يول قويدۇڭ. بۇ ئىش بىزنى بەختكە ئېلىپ بارىدىغان يولنى يورۇتتى…
خاتا چۈشىنىپسەن…ئاقلىق چاي كېچىسىدىن كېيىن ساڭا بولغان مۇئامىلەمنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇنقىدەك رەھىمسىزلىك بىلەن چاقچاق قىلماسلىقنى ئويلىدىم. سەن بۇنى بىلمەي ھەددىڭدىن ئاشتىڭ!
— ھە؟ …دېمەك، باياتىن قۇچىقىمدا قارشىلىق قىلماي جىم ياتقىنىڭ ماڭا قىلغان شەپقىتىڭ ئىكەن-دە؟ …ياق، زۇلال! نېمىشقا بىر - بىرىمىزنى ئالدايمىز؟
— بولدى نجات! …سەندىن بىزار بولدۇم…
— بىزار بولالمايسەن…يۈرىكىڭگە قول سېلىپ باق… ئوبدانراق ئويلان! يېڭىلىپ قالما! …
زۇلال ماڭا خىرىس قىلغاندەك كەينىگە داجىدى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ تۇراتتى. بايا ماڭا يول قويغانلىقىنى شۇئان ئېسىگە ئالدى بولغاي، ئۆزىنى ئاقلاش مەقسىتىدە:
— سەن بارغۇ، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان بىر نادان! سېنى قىلچە كۆزگە ئىلمايتتىم، بىچارىلىكىڭگە قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ يۈرۈپتىمەن تېخى —…دېدى زەردە بىلەن.
زۇلالنىڭ بۇ سۆزلىرى غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگدى، بىردىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.
— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ. مەن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس بىر نادان بولۇشۇم مۇمكىن…لېكىن نانكور ئەمەس! مېنى ياخشى كۆرمىسەڭمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋال… سۆزۈم توغرا بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سەن بىر

خەتەرلىك يارنىڭ لېۋىدە تۇرسەن…تويى قىلماقچى بولغان يىگىتنىڭ كەيپ ـ ساپادىن نېرى كەتمەيدىغان لۈكچەكلەرنىڭ بىرى. سەن ئۇنىڭ پۈتۈن يامان ئادەتلىرىگە يۇگەن بولسەن…ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، يولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشسەن…ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ بەختلىك بولىسەن، بولمىسا ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە خارلىقتا ئۆتىسەن…

زۇلال ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— يالغان! يالغان ئېيتىۋاتىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

قوللىرىمنى قوۋۇشتۇرۇپ سالماقلىق بىلەن:

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — دېدىم ۋە بوغۇق ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلدۈم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— زۇلال! مەن سېنى باللىق چاغلىرىمدىن بېرى كۆچەيىپ كېلىۋاتقان مۇھەببىتىم بىلەن ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ساڭا زىيان كېلىدىغان ئىشلارغىمۇ قاراپ تۇرمىغانىدىم. لېكىن نامىق مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن مەندىن ۋەدە ئېلىۋالدىكى، زادى ئامالىم بولمىدى.

— مۇشۇ گەپلىرىڭگە مېنى ئىشىنىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

زۇلال ئورنىدىن تۇردى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ماڭا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويغاندىن كېيىن قوپال ئاۋاز بىلەن:

— سەن ئۆزۈڭنى مۇھەببەت بىلەن پەردەزلەپ، شەپقەتچى بولغان كىشىلەرنىڭ بەختىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇندۇڭ؟ سۆيگەنلىرىڭ قىلچىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، نىجات!… مەن نامىق بىلەن توي قىلىمەن، سەن بولساڭ قاراپ قالىسەن! — دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردۇم.

زۇلال كۆزلىرىنى قىستى، يۈزۈمگە تۈكۈرىدىغاندەك قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەندەك ئەرزىمەس ئادەملەر ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلدۇ-رۇشقا ئۇستا كېلىدۇ... ئاجىز ۋە بىچارە كۆرۈنىدۇ... ئۇلار شۇنداق سەزگۈر كېلىدۇكى، ھەرقانداق نەرسىدىن نەپرەتلىنىدۇ. كىچىككىنە ئىلتىپاتتىنمۇ چوڭ نەپ ئالىدۇ... بۇنداقلاردىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك! بولمىسا ھالىڭغا ۋاي بايۇەچچە! ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلىرىڭگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ھازىر ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن... شەپقىتىم ۋە سەمىمىيىتىمنى ساختا ھەسرەتلەرگە ئالدىنىپ سەرپ قىلغانلىقىم كەچۈرگۈسىز خاتالىقتۇر!

چىشلىرىم بىر - بىرىگە كىرىشىپ مۇشتلىرىم چىڭ تۈگۈلۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ پەس ئاۋاز بىلەن:

— سۆزلە! — دېدىم.

— سۆزلىمەمدىكىن دەۋاتامسەن؟ سېنى دەپ ئوقۇشۇمنى، ئىستىقبالىمنى قۇربان قىلدىم دېگەن چىن مۇھەببىتىڭ ساختا مۇھەببەت. ھۆرۈنلۇق، كەيپ - ساپادا ۋايىغا يەتتىڭ... ئارزۇ - ھەۋەسكە بېرىلدىڭ... بۇنىڭغا يارىشا يېنىڭدا ھاماڭنىڭ قىزى بولۇپ بەردى... ئۇنى خىيالىڭدىن نېرى قىلمىدىڭ...

......

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟ ئىستىقبالىڭنى نابۇت قىلىشىڭنىڭ گۇناھىنى ماڭا ئارتىپ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن مۇشۇنداق زىيان تارتقانلىقىڭنى داۋراڭ قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭكىنى راستقا چىقارماقچى بولغانىدىڭ، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم... لېكىن بۇ ھەقنى مەندىن تۆلىتىۋالماقچى بولدۇڭ... مېنى يىگىتىمدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىر مۇنچە پىتنە - ئىغۋالارنى توقۇدۇڭ!

زۇلالىنىڭ سۆزلىرى غۇرۇرىمغا قاتتىق تەگدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم

— گەپ-سۆزگە دىققەت قىلساڭ بولارمىكىن! ... — دېدىم

تەنە ئارىلاش سالماقلىق تەلەپپۇز بىلەن.

ئۇنىڭ گىرىمسەن يورۇقلۇقتا كۈچلۈك نۇردەك پارقىرىغان قاپقارا كۆزلىرى غەزەپتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى.

— مەن ناھايىتى دىققەت قىلىۋاتىمەن! بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا موھتاج ئادەمسەن! ئالدى بىلەن نەدە ئىكەنلىكىڭنى ۋە كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن!

شۇ ئەسنادا قانداق بولغىنىنى بىلمەيمەن، ئاغزىغا بىر كاچات سالدىم.

جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ھازازۇل ئاۋازىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايتتى... كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرىم پاڭ بولۇپ قالدى.

ئېسىمگە كەلسەم، ھۇجرىدىكى ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، بايا ئاستىن - ئۈستۈن بولغان نەرسىلەر تۈزىلىپتۇ. پۈتۈنلەي ھوشۇمغا كەلگەندە، زۇلالىنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا تامغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تامدەك تاتىرىپ زۇۋان سۈرمەي ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

بۇ قاراش بىر ھازاغىچە داۋاملاشتى.

ئۇ نېمە ئۈچۈن ۋارقىراپ - جارقىرىمايدۇ، ماڭا ھۇجۇم قىلمايدۇ ۋە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلمايدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق مىدىرلىماي تۇرىدۇ؟ بۇ كاچاتنىڭ توغرا بولغانلىقىنى چۈشەندىمۇ يا؟ مېنى كەچۈرىدۇ دەپ قارامدۇ؟ ياكى ئەپۇ سورىشىمنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

ئەنە شۇ پۇشايمانلىق ئىچىدە كۆزلىرىم دېرىزىگە چۈشتى، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى، كۆك يۈزىدە يۇلتۇزلار خىرەلىشىپ ئاي پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

دېمەك، تاڭ ئاتقانىدى. بېشىمنى بۇرىدىم، زۇلال ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا بىردىن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئايىغى ئالدىغا ئاتقۇم،

ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنتۇپ، ئەپۇ سورىغۇم كەلدى. بىراق، كۆڭلۈم شۇنداق قاتتىق ئاغرىندىكى، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش ئەمەس، ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئۇ سەنتىراكلىگەن پېتى ئالدىغا ئىككى قەدەم تاشلىدى. لەۋلىرى تىترەيتتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، يۈزىدە ئاغزىدىن سول مەڭزىنى بويلاپ بىر قىزىللىق پەيدا بولغانىدى، بۇ قولۇمنىڭ ئىزى ئىدى.

زۇلال زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، نىجات! — دېدى. ئاندىن كۇتۇپخانىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ ئىشىكنى جالاقىدە ياپتى.

قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. كاللام ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەي قالغانىدى.

بۇ نېمىدېگەن قاتتىق روھىي زەربە ـ ھە! ئەمدى زۇلالنىڭ يۈزىگە قاراش، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى.

ئەمدىكى چارە بۇ ئۆيدىن، بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن يوقىلىش ئىدى.

ئىزغىرىن تاڭ شامىلى پېشانەمدىكى تەرلەرنى قۇرۇتتى. قولۇم بىلەن چاچلىرىمنى تاراپ، بېشىمنى سىقتىم.

ئاستا ـ ئاستا ئېسىمگە كەلدىم، كاللامدىكى زىددىيەتلىك خىياللارمۇ پەسكارىغا چۈشتى. ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئويلىدىم. زۇلالغا بىر مەكتۇپ قالدۇرۇپ، پۈتۈن ئەھۋاللارنى بىلىشىمچە ئېچىپ بەرمەكچى ۋە ھەقلىق قارارىمنى بىلدۈرمەكچى بولدۇم.

دەرھال ھۇجرامغا چىقىپ ئۈستىلىمدە ئولتۇردۇم ـ دە، قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدىم:

*«زۇلال:*

*مېنى ھاياتىمنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ھېچقاچان بۇنچىلىك قىيىن-*

غان، ھېچقانداق پالاكەت مىنۇتلىرى غۇرۇرىمنى بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق قامچىلىغان ئەمەس. مەن گويا چۈشۈمدە قارا باسقاندەك ۋە بۇ چۈشۈمدە ئۆلگەندەك بولدۇم...

مەن سىلەرنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولدۇم، ھاممام ئانام ئىدى، سەن قېرىندىشىم ۋە سۆيگۈنۈم ئىدىڭ!... مەن بۇ ئىللىق ئائىلىدە يېتىملىكنىڭ پۈتۈن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغانىدىم.

سېنى ياخشى كۆرەتتىم... بۇ سۆيگۈ شۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن كۈچەيدى، شۇنداق ئىنساپسىزلىق بىلەن بارلىقىمنى ئۆز ئىلكىگە ئالدىكى، ئەپسۇس، مۇھەببەت ئالىمىدە ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئىگە بولالماي يېقىلىپ چۈشتۈم.

قۇلاقلىرىمدا بۇ يېقىلىشنىڭ بورىنى گۈركىرەپ ئۇچقان، كۆزلىرىمنى تەقدىرىمنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى قاپلىغانىدى. ھېچقانداق غايىگە، ئارزۇغا، چىقىش يولىغا ئىگە بولالماي كېتىۋەردىم.

نەزىرىمدە ھاياتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغانىدى. مېنى ھايات قالدۇرۇۋاتقان پەقەت ئاشۇ باشنى ئايلاندۇرغان ھاۋا ئىدى. بۇ ھاۋادىن نەپەس ئالسام مەست بولۇپ ھېچنەرسىنى سەزمەي قالاتتىم.

سەن مېنى چۈشەنمەيتتىڭ... بالىلىقىمىز كەمبەغەللىك ئىچىدە ئۆتتى. چوڭ بولغانسېرى نېمە ئۈچۈندۇر بىر ـ بىرىمىزگە چاقچاق قىلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق. سەن مېنى ياراتمايتتىڭ، خاتالىق ـ كەمچىلىكلىرىمنى يۈزۈمگە سالاتتىڭ. مېنى چۈشۈرۈش، كەمسىتىشتىن ھوزۇرلىناتتىڭ... مەن بولسام قەلبىمدىكى كۈچلۈك ھېسسىيات تۈپەيلىدىن سېنى ئۆزۈمگە مايىل قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەيتتىم.

كېيىنچە بۇ ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. سەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭدا مەن ئوقۇشۇمنى تاشلىدىم. ئەمدى گۇناھكار ئادەمدەك سەندىن قېچىپ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا مۆكۈپ يۈرىدىغان بولدۇم. سەن ئىشەنمىسەڭمۇ شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى زۇلال، مۇھەببىتىڭ مېنى شۇ قەدەر مەپتۇن قىلىپ ھالىمنى قويمىغانىدى، ياشاش ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىماقتىن باشقا چارەم يوق ئىدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتتى. سەن ئوقۇشنى پۈتتۈردۈڭ، مەن ئەسكەرلىكنى تۈگەتتىم. ئەمدى بىر ئۆيدە ياشىشىمىز كېرەك ئىدى. مەن بۇ يېقىنلىقتىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم. لېكىن بۇ ھېسسى-

ياتلىرىم ئەسلا سەن بىلەن توي قىلىشقا كۆز يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە چوڭ ئەمەس ئىدى!

نامىق ئارىمىزغا كىرگەندە، بۇ پاجىئەنىڭ تەسەۋۋۇرىلا مېنى سەۋدايى قىلىپ قويىدى. يىللار بويى ئوتىدا كۆيۈۋاتقان بىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىشىگە قانداق چىداش مۇمكىن؟

نامىق تەلىپىگە مېنى ۋاستىچى قىلماقچى بولغان كۈنى ئۆلمىدىم ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم.

بىراق، سەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر بايلىق ئىدىڭ، ساڭا سوزۇلغان قوللارنى ئۇرۇشقا ھەققىم يوق ئىدى.

ئاغزىڭدىن «ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس» لىكىمنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈنلا بەختىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ ۋەزىپە مېنى شۇنچىلىك قىيىندىكى... ئاخىر ئاقلىق چاي كېچىسى ئىرادەم ۋە ئارزۇيۇم بىقارار بولۇپ قالدى...

شۇ كېچىنىڭ ئالدىدىكى كۈنلەر، ھاياتىمنىڭ ئەڭ قايغۇلۇق كۈنلىرى بولدى. مەن نىجات ئەمەس ئىدىم!... قېپىدىن يېڭى چىقىپ يات بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىشقا باشلىغان بىر ھاشارات ئىدىم. قايتا قېپىمغا كىرىۋېلىش، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا تۈگۈلۈپ يېتىۋېلىش ئاۋۋالقىدەك بىر - بىرىمىزنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق بولۇش تەبىئەت قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

زۇلال! قوبۇل قىلغىنكى، بۇ كېچە ئارىمىزدا ئۆتكەن ئىشلارغا يالغۇز مەنلا جاۋابكار ئەمەس، بۇنىڭدا ماڭا ئوخشاش سېنىڭمۇ خاتالىقىڭ بار!...

لېكىن، ئۆتكەنگە سالىۋات، ئەمدى سىلەرنىڭ ئۆيدە بەختىڭگە كۆز تىككىدىغان كىشى بولمايدۇ. سىلەرنى قىيىنىغان، بىئارام قىلغان نەرسىلەر ئەمدى پۈتۈنلەي ئاراڭلاردىن چىقىپ كېتىدۇ.

ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن... ھامامنى كۆيۈملۈك ۋە ئالىيجاناب، كۆڭلى تۈز بىر ئانام دەپ دائىم ئەسلەيمەن، سىلەر بىلەن بىللە بولغان ئۇزۇن يىللار ھاياتىمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك دەۋرىدۇر. سىلەرگە كۆپ قەرزدارمەن ۋە پۈتۈن قەلبىم بىلەن تەشەككۈر ئېيتىمەن. «نانكور» دېگەن قاراشنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەڭگۈلۈك بەختىڭگە تىلەكداش بولغۇچى نىجات»

مەكتۇپنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئۈستىگە «زۇلالغا» دەپ ياز-
دىم. ئاندىن كىچىك چامادانىمغا كېرەكلىك نەرسىلىرىمنى ۋە
كىتابلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى سالدىم.

تەييارلىقلار پۈتكەندە ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ، پارا-
خوتقا چىقىش ۋاقتىم يېقىنلاپ قالغانىدى.

هامامنى خەۋەردار قىلغۇم كەلمىدى، ئۇنۇمنى چىقارماي
دالانغا چىقتىم. زۇلالنىڭ ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى. كونۋېرتنى
ئاستاغىنە ئىشىكنىڭ تېگىدىن كىرگۈزۈۋەتتىم. كېيىن تۆۋەنكى
قەۋەتتە ھېچكىم يوقلۇقىنى سېزىپ، دەرھال چامادانىمنى باغچىغا
ئەپچىقىۋالدىم.

هامامنىڭ يېنىغا سۆرۈن چىراي بىلەن كىرىپ كەلدىم.
بىچارە هامام يەنە ھەر دائىمقىدەك ئۆز بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى.
شەپقەت يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ:

— كېچىكتىڭ نىجات! پاراخوتقا ئۈلگۈرەلمەيسەن... ناشتا
قىلىۋال ئوغلۇم، — دېدى.

يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىشلىرىمنى چىشلىۋالدىم. هامام
دائىم دەيدىغان بۇ سۆزلەر ئۇ كۈنى باشقىچىلا ئاڭلىنىپ كەتتى،
ئىچىمنى ئۆرتەپ تېخىمۇ مەيۈسلەندۈردى.

داستىخانغا ئولتۇردۇم، گېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى.
ئەسۋەد قالفا ئالدىمدا تۇرۇپ:

— هوي، ھېچ نەرسە يېمىدىڭغۇ بايۋەچچە! ھېچبولمىغاندا
بۇ يىلتىلغان تۇخۇمنى ئىچسەڭچۇ! — دېدى.

— يېگۈم يوق، قالفا ھەدە... سەل مىجەزىم يوق.

— چىرايىڭ بۆلەكچىلا تاتىرىپ كېتىپتىغۇ! نېمە بولدۇڭ
بالام؟ — دەپ سورىدى هامام ئەندىشە بىلەن.

— ئەنسىرىمەڭ هاما، سوغۇق تېگىپ قاپتۇ... مەيدەم
ئاغرىپ تۇرىدۇ... كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم...

ئىككىيلەن ھەدەپ ماڭا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار-

نىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.
هالبۇكى، ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى...
مەن هامامنىڭ ئالدىغا باردىم، قولىنى سۆيدۇم:
— سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، هاما! ... بۇ قىلغانلىرىڭىزنى قانداق قايتۇرارمەن؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭ نجات؟ — دېدى بىچارە ئايال ھەيران بولغان هالدا ماڭا قاراپ.
— قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى هەرگىز ئۇنتۇمايمەن... ماڭا ئانامنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمىدىڭىز. سىزدىن دائىم مىننەتدارمەن، سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن...
هامام ئاچچىقلىغاندەك قىلىپ قولىنى سىلكىپ:
— قويە... بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
گەپنى ئۇزارتسام كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرهال كەينىمگە ئۆرۈلدۈم - دە، ئەسۋەد قالغاننىڭ مۇردىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.
پاراخوتقا چۈشۈپ ئۆگەي ئاپامنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.
يامغۇر خېلى قاتتىق يېغىۋاتقاچقا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارغۇچە هۆل بولۇپ كەتتىم.
لېكىن دەرۋازىنى ئاچقان يات بىر ئايال ئۆي ئىگىلىرىنىڭ بۇ ئۆينى ئۇلارغا ئىجارىگە قويۇپ، ئۆزلىرى ئەرەنكۆي تەرەپتىكى قورۇققا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.
نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.
— سىز نەدىمە خانىمنىڭ نېمىسى بولىسىز؟
— ئۆگەي ئوغلى بولىمەن!
— ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىنىڭىزگە ئۇزۇن بولغان ئوخشىمامدۇ؟
— شۇنداق، دادام ۋاپات بولغاندىن بېرى كۆرۈشمىدىم!
— ئۇنداقتا بىلمەيدىكەنسىز، — دېدى ئۇ ئايال، —

نەدىمە خانىمغا ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ئانىسى-
نىڭ مىراسىدىن بۇ قورۇقنىڭ بىر قىسمى تەگكەنىكەن، تۇغقان-
لىرى بىلەن بىر يەردە بولۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە كۆچۈپ كەتتى،
كېرەك بولسا سىزگە قورۇقنىڭ ئادرېسىنى بېرەي!
— رەھمەت سىزگە!
ئايال بىر قەغەزگە ئادرېس يېزىپ ماڭا ئۇزاتتى.

## 8

بىر ھەپتىدىن بۇيان قورۇقتا تۇرۇۋاتىمەن... ئۆگەي ئاپام
مېنى ئويلىغىنىمدىن ئارتۇق قارشى ئالدى ... ئۆكىلىرىم بىر
ياقتىن ھەسرەت، بىر ياقتىن سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن بويى-
نۇمغا ئېسىلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
بۇ يەر ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. بۈك - باراقسان دەل -دەرەخ-
لەر ئارىسىدىن كۆرۈنگەن كۆك ئاسمان كىشىنى غايىۋى بەختكە
ئېرىشىش ئىستىكىگە تەلپۈندۈرەتتى...
قورۇقتىكىلەر ماڭا چاپسانلا ئىجىل بولۇپ قالدى، باللار
دوستلىرىمغا ئايلاندى.
تاماق ۋاقتىدىن باشقا چاغلارنى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىدە
سەيلە قىلىش، دەم ئېلىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بول-
دۇم.
نېمە قىلىشىم، نەگە كېتىشىم كېرەك؟...
بۇ يەردىكىلەرگە ئىش ئورنۇمدىن قىسقا ۋاقىتلىق رۇخسەت
ئالغانلىقىمنى ئېيتتىم... بىر ئاينىڭ ئالدىدا تېلېفون بۆلۈمىدىن
ئايرىلىپ، مۇدىرىمىز تاپشۇرغان يېڭى بىر ۋەزىپىگە چۈشكەن-
دىم، رەسمىي كادىر بولۇپ، ئايلىق مائاشىممۇ ئۆسكەنىدى.
يا باشلىقىمغا، يا خىزمەتداشلىرىمغا دېمەيلا ئىشىمنى تاشلى-

ۋېتىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟

كېچىلەرنى قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم... داۋاملىق چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ ئۇخلىيالمايدىغان بوپقالدىم.

بەزىدە پۇتۇن دەرد ــ ئەلەملەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ... كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ھاياتىمدىكى بەختلىك چاغلىرىمنى بىر ــ بىرلەپ ئەسكە ئالاتتىم.

مەن كاشتانلىقتا قاراپ تۇرىدىغان بىر ھۇجرىدا ياتاتتىم... بۇ يەردىكى تىنچ ۋە ئارام بەرگۈچى ھاۋادا ھەرقانداق دەرد ــ ئەلەملەر ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى، لېكىن زۇلالدىن يېگەن «قامچا» نىڭ ئەلىمى ئۇنتۇلسۇنمۇ!...

## 9

تۇنۇگۇن بىر مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدىم. كونۋېرتنىڭ ئۈستىدە زۇلالنىڭ پوچۇركىسىنى تونۇپ، خۇشاللىقىمنى زورىغا بېسىۋېلىپ بۇ قۇرلارنى ئوقۇدۇم:

*«نىجات:*

*ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ دەرھال داچىغا قايتقىن! ھامماڭغا ھەمراھ بولۇش بۇرچۇڭ ھەممىدىن مۇقەددەستۇر.*

*مەن بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ئۆيى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرمەن... مېنىڭ ئورنۇمدا سەن قىلىشىڭ كېرەك...*

*ئادەمدەك ئىش قىل، تەلىپىمنى رەت قىلما!*

*زۇلال»*

خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتالىدىم.

بۇ مەكتۇپنى ھېچكىم سورۇشتۇرمىدى، لېكىن مەن كۆن بويى سەۋدايىدەك ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم، كېچىچە

كۆز ياشلىرىم مەكتۇپتىكى سۆزلەرنى يۇيۇپ ئۆچۈرۈۋەتتى...
سەھەردە، ئوچۇق دېرىزىنىڭ ئالدىدا گاڭگىرىغان بېشىمنى سەگىتكەچ مۇشتلىرىمنى چىڭ تۈگۈپ: «ياق كەتمەيمەن!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

## 10

ئىككى كۈندىن بېرى يامغۇر توختىماي ياغماقتا. تاشقىرىغا چىقالماي، دېرىزىدىن كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلدىم. دەرەخلەرنىڭ سۇ تامچىلاپ تۇرغان سولغۇن يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى! ...تەبىئەت قارامتۇل تون كىيگەن...پۈتۈن مەۋجۇدات يوشۇرۇن بىر سەۋر - تاقەت ئىچىدە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى، تەبىئەت بۇ ئۆتكۈنچى ئاپەتتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى...
ماڭلىيىمنى دېرىزە ئەينىكىگە يېقىپ نۇرسىز كۆزلىرىم بىلەن ئۇزاقلارغا قارىدىم... خىياللىرىم مېنى تۇمانلىق ئۇپۇقلارنىڭ ئۇ تەرىپىگە، ناھايىتى يىراقلارغا ئېلىپ قاچاتتى...
— ئاكا، سىزنى بىرەيلەن چاقىرىدۇ! — خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتكەن ئوكەت ئىدى. بىر ھەپتىگىچە توختىماي ياغقان يامغۇردىن كېيىن قۇياش نۇرىنى سەپكەن باغچىغا بۇگۈن بىرىنچى قېتىم چىققانىدىم.
— كىم؟ — دېدىم دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ.
— تونۇمايدىكەنمەن.
تېخى نەملىك ئەكچىمىگەن چىمەنلەرنى دەسسەپ يۈگۈرۈپ چىقتىم.
باغچا ئىشىكىدە ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى چوپان

قىياپەتلىك بىر بالا تۇراتتى.

— نىجات بەگ بولامسىز؟ — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپ.

— شۇنداق، نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— مېنى شەھەردىن بىر كىشى سىزنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

— ئۇ كىشى كىم؟

— بىلمەيمەن··· سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشى بار ئىكەن··· كەلمەي قالمىسۇن دەپ تاپىلىدى.

مەن ھەيران بولدۇم. «مېنى چاقىرتقان كىمدۇ؟» ئارتۇقچە ئويلاپ تۇرمايلا:

— ماقۇل، بىر ئاز كۈتۈپ تۇر، — دېدىم.

ئەھۋالنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىشىمگە ئۆگەي ئاپام ئالدىمغا چىقتى، چىرايىمغا خۇشخۇي قاراپ:

— نېمىگە شۇنچە جىددىيلىشىپ كەتتىڭ؟ — دېدى.

— مېنى بىرى چاقىرتىپتۇ! ··· نېمىشقا چاقىرتقىنىنى بىلمەيمەن···

— بەلكى ئىش ئورنىدىن چاقىرتقاندۇ··· دەم ئېلىش سۇرۇۋ-كۇڭ ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن!

بۇ سۆز يۈرىكىمگە ئوقتەك تەگدى.

— ياق، ئانچە ئەمەس···

— بۈگۈن توپتوغرا يىگىرمە بىر كۈن بولدى! ···

— دەم ئېلىشىم بىر ئايلىق ئىدى···

ئۆگەي ئانام لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ سوغۇق چىراي بىلەن بېشىنى تولغاپ چىقىپ كەتتى.

بۇ سوغۇق مۇئامىلە مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئىچىمدە ھەسرەت بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە «بۇ يەردىنمۇ كەشىڭ توغرىلاندى، نىجات! ···» دېدىم.

تۆمۈر دەرۋازىنىڭ كىچىك قانىتىنى ئىتتىرىپ، گىلرەڭ

سىرلانغان بىر ئۆينىڭ باغچىسىغا كىرگىنىمدە ئالدىمغا بىر خىز-مەتچى قىز چىقىپ نازاكەت بىلەن:

— مەرھەمەت، ئۆيگە كىرىڭ ئەپەندىم! — دەپ يول كۆر-سەتتى.

بۇ قىزغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدىم.

ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مېنى شەرقچە ياسالغان مېھ-مانخانىغا باشلىدى. ئېگىز دېرىزىلەرگە تارتىلغان دۇخاۋا پەردە-لەردىن غۇۋا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرلىرى قىممەت باھالىق ئۆي جاھازىلىرىغا گىرىمسەن يورۇقلۇق بېرىپ تۇراتتى.

مەن كەڭ كرېسلوغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

ۋۇجۇدۇم قانداقتۇ بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە ئىدى. بۇ سىرلىق تەكلىپنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلدى.

ئوڭۇمىمۇ - چۈشۈمىمۇ دەپ قالدىم، زۇلال كىرىپ كەلگەنى-دى. ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ ئۇن - تىن چىقارماي ئالدىمغا كېلىپ، يېنىمدىكى كرېسلودا ئولتۇردى، چىرايى سولغۇن ۋە جىددىي ئىدى.

— خەتلىرىمگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلغا مۇراجىئەت قىلدىم...باشقىچە ئۇسۇل بىلەن سېنى بۇ يەرگە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەنىدى. مەن بىلەن ساھىلدىكى داچىغا قايتىسەن!...

لەۋلىرىمدە ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولدى.

— مەن قارارىمدىن يانماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكەن...

زۇلال تىترىككەن ھالدا مېنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا ھارغىنلىق ۋە ھەسرەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئورنۇمدا قايتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتتۈم.

— نىجات! —...دېدى ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن

سالماق سۆزلەپ، — ساڭا ئادەمگەرچىلىك مەجبۇرىيىتىڭنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىپ قويا ي... سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ يەك- كە- يېگانە قالىدىغان هاماڭغا ھەمراھ بولۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك... بۇنى سەندىن ئۆتۈنۈپ قالىمەن... داچىغا قايتىشىڭ كېرەك، نىجات!

گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى تېخىمۇ مەنىلىك چاقناپ تۇراتتى. سەل جۇدىگەن مەڭزىلىرىگە، تىترى- گەن ھال رەڭ لەۋلىرىگە قارىدىم.

بۇ گۈزەللىكلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياراشقانىدى. بۇ مەن ئۈچۈن نەقەدەر مۇقەددەس گۈزەللىك ـ ھە!

ياڭاللا! ...بۇ گۈزەللىككە قانداقمۇ لەۋلىرىمنى ئۇزاتقاندى- مەن، بۇ پاك لەۋلەرنى قانداقمۇ سۆيۈپ بۇلغىغاندىمەن؟ ئۇنى ئۇرۇشقا قانداقمۇ قولۇم بارغاندۇ؟

قەلبىمدە بىر خىل دەھشەتلىك ئازاب ۋە خىجالەتچىلىك ھۆكۈم سۈردى...

— هامام نېمە دەيدۇ؟ — دېدىم ئاستاغىنە

ئۇ مەندىكى ئىلگىرىلەشنى دەرھال سەزدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

— هاماڭ سېنى بىر ئاغىنىسىنىڭكىدە دەپ ئويلايدۇ، سېنى ماڭا تېلېفون بەردى، بىر نەچچە كۈن داچىغا كېلەلمەيدى- كەن دېدىم. لېكىن ئىشىڭنى تاشلىۋەتكەنلىكىڭنى بىلگەندىن كې- يىن سېنى مەخپىي ئىزدەتتىم... قورۇققا كەتكەنلىكىڭدىن خەۋەر تېپىپ نىجات ئاغرىپ قالدى، دېگەن خەۋەرنى تارقاتتىم... باشلىقىڭنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى. مەن يەنە سېنى يېقىندا ئىشقا بارىدۇ دەپ ۋەدە بەردىم...

— مۇشۇ ئىشلارنى ھەممىسىنى مەن ئۈچۈن قىلدىڭمۇ زۇلال؟

— ياق ئائىلىمىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن!

ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ ئۇنىڭدىكى بىر خىل چىدىغۇسىز تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى بايقىدىم! ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە ئىدى. زۇلالنى ھېچقاچان بۇنداق جىددىي، غەمكىن ھالدا كۆرمىگەنىدىم.

بەلكى ئۇمۇ مەندەك پۇشايمان ئىچىدە قالغاندۇ. ياكى مېنى مۇشۇ كويغا سالغانلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى ئەپۇ قىلالمايدىغاندۇ!

— ۋاقىت ئۆتمىسۇن!...بارسەنغۇ - ھە؟

مەن ئۇندىمىدىم، زۇلال يېنىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتتى:

— بۇ بىر دوستۇمنىڭ ئۆيى، نىجات! ئۇنىڭغا سېنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىمنى ۋە كۆڭلۈڭنى ئېلىش ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىمنى ئېيتتىم ... ساقلاپ تۇرالمايمەن... يا ماقۇل، يا ياق دە!

مەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزەلمىدىم ... بىر ھازا قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— ماقۇل، — دەپ جاۋاب بەردىم.

## 11

ساھىلدىكى داچىدا ھەممە ئىشلار بۇرۇنقىدەك...

زۇلال بىلەن ناھايىتى كەم سۆزلىشىمىز، بىر - بىرىمىزگە ئوچۇق ۋە سەمىمىي ئەمەس...

پەقەت تۈنۈگۈن ئاخشاملا تاماقتىن كېيىن ئۇ يېنىمدىكى كرېسلودا ئولتۇرۇپ، قولۇمدىكى ژۇرنالغا قاراپ:

— ئۇنىڭدا بىر ماقالەڭنى كۆرگەندەك قىلدىم... ئوقۇغىنە، ئاڭلاپ باقاي! ... — دېدى.

ھۇجرىدا يالغۇز ئىدۇق... ئۇنىڭدىن كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ ژۇرنالنىڭ بەتلىرىنى ئاچتىم ۋە ئوقۇشقا باشلىدىم:

«... خۇدادىن تىلىدىم: ماڭا بەرگەن بالايىڭنى كۆتۈر، مېنى قۇتقۇز ۋە ماڭا ئاتا قىلغان سائادىتىڭنى ئارتۇق كۆرمە! ھاياتنىڭ ۋە مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇپ كەينىدىن يىغ- لىتىش، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئۆلتۈرۈش ئۇلۇغ شەنىڭگە ياراشماس! يىغلىدىم - قاقشىدىم: سەزگۈر بىر قەلب، قۇدرى- تىڭگە قادىر ئاڭ - پىكىر ۋە قابىلىيەت بېرىپ يوقتىن بار قىلغىنىڭدىن كېيىن، مېنى يەنە خارۇ زارلىقتا قىيناپ تۇپراققا ئايلاندۇرۇش، رەھمىتىڭنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن چىقىشالماس! داد - پەرياد قىلدىم. مەن يىگىرمە ياشلىق گۇناھسىز، بىغۇبار ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قەلبىمنىڭ ساپلىقى، ۋىجدانىمنىڭ ئاقلىقى بىلەن ساڭا سېغىنىپ، ساڭا ئۈمىد باغلاشنى بىلگەندىن كېيىن مېنى جانسىز ياغاچ پارچىسىدەك كۆرۈپ يېرىپ قالاش، سېنىڭ ئادالىتىڭ بىلەن چىقىشالماس ... ۋارقىرىدىم، چاچلى- رىمنى يۇلدۇم: بىر زەئىپ قەلبىنىڭ ئازاب بىلەن بەربات بولۇ- شىنى، بىر زەئىپ جىگەرنىڭ يارىلار بىلەن چىرىپ كېتىشىنى، بىر زەئىپ روھنىڭ ھۇزۇرۇڭغا مەزلۇم بولۇپ كېلىشىنى سې- نىڭ مەرھەمىتىڭ قوبۇل قىلماس! ھاياجانلاندىم، ئىسيان كۆ- تۈردۈم، يارىتىلدىم، ئارزۇيۇمغا ئېرىشمەي ئۆلمەيمەن. بەختىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا ئېرىشمەي گۆرگە كىرمەيمەن. سۆيدۈم، قان قۇسۇپ بېلىمنى يەشمەيمەن. سېنىڭ خەزىنىلىرىڭدە يارىنى سا- قايتىدىغان دورا يوقمۇ؟ كېسەللىككە شىپا بولىدىغان داۋا يوقمۇ؟ بىر تاش يۈرەككە گەپ ئاڭلىتىدىغان قۇۋۋەت يوقمۇ؟ مېنى سا- قايت! ... روھىمغا شىپا بەر، يارامغا دورا تاپ!»

ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە زۇلال بىردىن سۆزۈمنى بۆلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا يوشۇرۇن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياناتتى:

— نېمەڭ بۇ؟ بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقان كىم؟

— بىر ئاغرىق... — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن بىر پارچە...

— كىشىنىڭ نېرۋىسىنى ئۆرلىتىدىغان تېتىقسىز نەرسە-
لەرغۇ… يەنە بىر ئاز ئوقۇپ باقىنا!…
مەن يەنە تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇدۇم:
«… توۋا قىلدىم: ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان-
لىقىمنى چۈشەندىم. بۇ دۇنياغا ئۆزۈمچىلا كېلىپ قالمىدىم…
مەن ئىنتىلگەن شۇ ھايات سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭدىن بىر زەررە،
چەكسىزلىكىڭدىن بىر تامچە، مەخپىي خەزىنەڭدىن ئىلتىپات.
ماڭا ھايات بەرگەن سەن! ھاياتىم سېنىڭ ئىرادەڭدىن ئىبارەت!
تىنماي ئۆكسۇدۇم، لېكىن شۇ ئاجىز ۋۇجۇدۇمغا بەرگەن نېمە-
تىڭ، خەستە قەلبىمگە بەخش ئەتكەن قۇۋۋىتىڭ بار. مېنى
ياراتقىنىڭدا بىرلا ھوقۇق بەردىڭكى، ئۇ بولسىمۇ تەلەپ قىلىش.
مانا شۇ ھوقۇقىمنى ۋە شۇ چارەمنى ئىشلىتىپ… سەندىن
تىلەيمەن، ساڭا يالۋۇرىمەن…»
زۇلال قولۇمدىن ژۇرنالنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتى-
رىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىشلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ
كەتكەنىدى.
— يارىماس!… — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — نېمىشقا
بۇنداق نەرسىلەرنى يازىسەن؟… ھەممىنى يىرتىپ تاشلايمەن!…
ئۇ ئەسەبىيلەشكەن قوللىرى بىلەن ژۇرنالنى تىتىپ تاشلى-
دى، ئاندىن پوكلەپ دېرىزىدىن دېڭىزغا ئاتتى.
مەن مىيىقىمدا كۇلۇپ قويۇپ، چاقچاق ئارىلاش:
— بۇنداق ماقالىلەر بەختلىك ئادەملەرنىڭ ئاچچىقىنى كەل-
تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە! — بىزنىڭ قەلەم خىيالىي نەرسىلەرنى يا-
زالمايدۇ! — دېدىم.
زۇلال جاۋاب قايتۇرماي دېرىزىنىڭ يېنىغا باردى. دېرىزە
گىرۋىكىگە يۆلىنىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىغا قارىدى.
قەلبىم تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان ھېس-
سىياتلار بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. زۇلالنىڭ مېنىڭدىن قاتتىق

ئاچچىقلانغىنىنى ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارىدىم، دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى.

تويغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئۈستىدە توختالماقچى ئەمەس-مەن. بىر يېرىم ئاي قانداق ئۆتتى؟... مۇراسىم قانداق ئورۇن-لاشتۇرۇلدى؟... ئۇ بەختلىك، ياق، پاجىئەلىك كۈن قانداق بىر كۈن ئىدى؟... مانا بۇلار خەستە تەسەۋۋۇرۇمدا قورقۇنچلۇق بىر چۈشنىڭ ئىزنالىرىدەك قالدى...

زۇلالنىڭ تويى!...

روھىي ھالىتىم شۇنچىلىك ھارغىنكى، قانداق ياشاپ كېتىۋاتقىنىمغا ھەيران بولىمەن. يۈرىكىمدە غەليان كۆتۈرۈلگەن ھېسسىياتلىرىمدىن باشقا نەرسە يوق.

قانداق چىدايمەن، ئاھ خۇدا؟!

## 12

كۈز ئايلىرى ئىدى... بىر كۈنى كەچكىچە يامغۇر ياغدى. ھاۋا ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا ئۆيدە بولدۇم... قۇياش پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدىن مارىلاپ - مارىلاپ قوياتتى. قارا بۇلۇتلار گاھ دېڭىز يۈزىدە، گاھ قارشى تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدە چېپىشىپ يۈرەتتى. بىردەم تۇرۇپ يەنە ھاۋا تۇتۇلاتتى...

زۇلالنىڭ كەتكىنىگە بۈگۈن يىگىرمە سەككىز كۈن بولدى... شۇ جۇدالىق كۈنلەرنىڭ ھەسرەتلىك ھېكايىسىنى شۇن-داق بايان قىلماقچىمەن:

بىر كۈنى سەھەر ۋاقتى ئىدى. ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئۇزۇن كېچىنىڭ ھارغىنلىقى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ دېرىزىنىڭ يېنىدا ئاغرىۋاتقان بېشىمنى شامالدىتىپ ئولتۇردۇم.

ھامام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا بېشىنى بۇرىدى ۋە:

— بەك ئەتىگەن تۇرۇپسەنغۇ نىجات! ... كېچە كەچ ياتقان ـ
تىڭغۇ! — دېدى.
— ئۇيقۇم قاندى، هاما! — ... دېدىم مەن.
هامام جايىنامازنى يىغىپ، ساماۋەرگە ئوت يېقىۋەتكەندىن
كېيىن ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇردى. تاڭ ئەمدى سۇزۇلۇۋاتقاچقا
ئېلېكترلەرنى ئۆچۈرمىگەنىدۇق. ئىككىلىمىز كۆڭۈلسىز ۋە خاپا
كۆرۈنەتتۇق.
بىر هازا جىمجىتلىقتىن كېيىن هامام بېشىنى لىڭشى-
تىپ:
— بۇ جۇدالىق ماڭا ناهايىتى ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، نىجات!
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى بالا هەسرىتىدە ئۆتكۈزۈشنى خا-
لىمايتتىم... ئامال قانچە، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلدى... — دېدى.
هامام بۇ سۆزلەرنى قاتتىق مەيۇسلەنگەن هالدا ئېيتقانىدى.
— ئارىلاپ كېلىپ تۇرار، بىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەت ـ
مەس، — دېدىم هامامغا تەسەللى بېرىپ.
— شۇنداق، بىراق، بۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى ئوغ-
لۇم؟... ئانا قەلبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسەن! ...
مېنىڭ بىچارە قەلبىم تىلغىمۇ ئېلىنمايتتى. چوڭقۇر هەس-
رەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم، ئاندىن سۆزۈمنى داۋاملاش-
تۇردۇم:
— كۆڭلۈڭىزنى بۇزماڭ، هاما! ... ئىزمىر يىراق يەر
ئەمەس، پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ. خەتمۇ يېزىپ تۇرار...
تەقدىر شۇنداق ئىكەن! ... ئامال قانچە؟ بەختلىك بول-
سۇن! ... ئۇنىڭ كۆزلىگەن نەرسىسىمۇ شۇ ئەمەسمىدى؟
هامام بېشىنى چايقىدى، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەگىگەن
ياشلارنى كۆرۈپ چىشلىرىمنى چىڭ چىشلىگىنىمچە باشقا ياققا
قارىۋالدىم.
بىر ئازدىن كېيىن تاشقىرىدىن ئاراق ـ تۇرۇق قىلغان ئاۋاز

كەلدى. پەلەمپەيلەردە ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلىپ زۇلال بىلەن نامىق كىرىپ كەلدى زۇلالنىڭ چىرايى سوزۇلگەن، نامىق خۇش كەيپ ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىز بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۈستەلنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇشتى.

— ھە، شائىر، ئۆيقۇڭ قانمىغاندەك تۇرىدۇغۇ!... كۆزلىرىڭ بەك خۇمارلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى نامىق.

كۆز يېشى ئورنىغا تەبەسسۇم چىراي ئاچماق نېمىدېگەن ئازاب!...

— شۇنداق! لېكىن سىلەرنىڭ مېنىڭكىدىنمۇ بەك خۇمارلىشىپ كېتىپتۇ! — دېدىم مەن زورىغا كۈلۈپ.

زۇلال بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ شۇنداق كۈلۈشۈپ كەتتىكى، ئۆيگە كىرگەن ئەسۋەد قالغا چۆچۈپ كېتىپ قولىدىكى پەتنۇس چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

ناشتىدىن كېيىن زۇلال ياسىنىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى، نامىق تاكسى چاقىرغىلى كەتتى.

ھەممەيلەن ھېچ نەرسە چۈشەنمەي تۇرغان يېرىمىزدە تۇرۇپ قالدۇق، بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلىشقىمۇ رىغبىتىمىز يوق ئىدى.

شۇ ئارىدا دالانغا چىقىپ پەلەمپەي بىلەن باغچە دەرۋازىسى ئارىسىدا ئىنتايىن ئۈمىدسىز كەيپىياتتا مېڭىپ يۈرەتتىم، بىردىن زۇلالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ پەلەمپەي ئۈستىدە تۆۋەنگە ئېڭىشىپ:

— نىجات! — دەپ چاقىردى.

پەلەمپەينىڭ سالاسۇنىنى تۇتۇپ يۇقىرىغا قارىدىم ۋە:

— نېمە كېرەك؟... — دېدىم.

— كىچىك چامادىننىڭ ئاچقۇچى ئىشكاپنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كەتتى، ئېلىپ بەرگىنە!...

زۇلالنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش ئۇنىڭ يات بىر ئادەمنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ئورۇننى كۆرۈش دېگەن گەپ ئىدى. بۇ ماڭا يېتىپ ئاشقۇدەك ئازاب ـ دە. لېكىن تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم.

پۇتلىرىم تىترىگەن ھالدا پەلەمپەيدىن يۇقىرى ئۆرلىدىم.

كىيىنىپ بولغان زۇلال ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە پەرداز قىلىۋاتاتتى.

— سېنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم! — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

يەرگە دۇم يېتىپ ئىشكاپنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كەتكەن ئاچقۇچنى تەسلىكتە ئالدىم.

— ساڭا كۆپ رەھمەت! سېنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ ئاچقۇچنى ئۇزاتقان قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى. مەن ئۇ-نىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— خاپىلىق بىلەن ئايرىلمايمىز دېگەنتۇققۇ، ھە؟ — دېدى ئۇ.

ئىچىمدىكى چوڭقۇر ھەسرەتلەر كۆزلىرىمدىن مەلۇم بولۇپ قالمىسۇن دەپ باشقا تەرەپكە قارىۋېلىشقا تىرىشىپ:

— كىم خاپا بوپتۇ؟ مەن پەقەت بىر «قامچا» يېدىم... بۇ ئۆز بەختى ئۈچۈن ھەرخىل قامچىلارنى يەپ كەلگەن كىشى ئۈچۈن ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس! — دېدىم.

— مەن نېمە يېدىم، نىجات؟

كۆزلىرىم ئاستاغىنە ئۇنىڭ ئاغزىغا بۇرالدى. لەۋلىرىدىن سول مەڭزىگە قاراپ سوزۇلغان قىزغۇچ ئىز تېخىچە يوقالمىغان-دەك كۆرۈنەتتى. بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرۇۋالدىم.

ئۇ قولۇمنى قويۇۋېتىپ ئىتتىك باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، لېكىن كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياشنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغىنىنى كۆردۈم.

ئايرىلىدىغان مىنۇتلار يېتىپ كەلدى.

ھامىمام يىغلاۋاتاتتى، زۇلالمۇ ئېسەدەپ تۇراتتى، ئەسۋەد قالفا يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېتىۋېلىپ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇۋالغانىدى.

نامىق كۈلۈمسىرەپ زۇلالنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يۈر خوتۇن... نېمىگە شۇنچە كۆڭلۈڭنى بۇزىسەن؟ — دەپ ئۇنى قولىدىن تارتىپ ھامىمامنىڭ بوينىدىن ئاجرىتىۋالدى.

مەن چۈشىنىكسىز بىرخىل كۈلۈمسىرەش بىلەن ئىشىككە يۆلەنگەن ھالدا، ھەسرەت ئىچىدە تۇگىشىپ كېتىۋاتاتتىم.

زۇلال ئاخىرىدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ:

— خۇداغا ئامانەت، نىجات! — دېدى.

— خەير، خوش! ... ئاق يول تىلەيمەن! — ... دېدىم ئاستاغىنە.

نامىق بىر قولى بىلەن خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن مۇرىسىنى سىيلاپ تاكسى تەرەپكە ماڭدى.

مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. دۇنيا دۇم كۆمتۈرۈلگەندەك قاپقاراڭغۇچىلىق بولۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى يەرگە تاشلىۋەتكۈم، كۆكسۈمنى يېرىپ تاشلىغۇم ۋە بارلىق كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىۋەتكۈم كېلەتتى.

ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن ئېسىمگە كېلىپ كۆزلىرىمنى ئاچتىم. زۇلال پىكاپنىڭ ئەينىكىدىن نەملەشكەن ياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى ۋە ياش ئالغان كۆزلىرى بىلەن كۈلۈشكە تىرىشاتتى.

بۇ كۆزدىن شۇنى كۆردۈمكى! ...

ياق خاتا ئەمەس... زۇلال جەزمەن قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە كۆيمەكتە!

كۆزلىرىمنى ئۇيۇپ، ۋۇجۇدۇمنى چوغدەك زىخلار بىلەن

داغلاپ، گۆشلىرىمنى قىيما - چىيما قىلىپ توغرىسىمۇ زۇلال-
نىڭ تاشلاپ كەتكىنىدەك ئازابلانمىغان بولاتتىم...
بۇ پاجىئەنىڭ مېنى ئۆلتۈرمىگىنىگە ھەيرانمەن... يۈرىكىم
قانداقمۇ سوقۇۋاتقاندۇ، كۆزلىرىم قانداقمۇ كۆرۈۋاتىدىغاندۇ،
قۇلاقلىرىم قانداقمۇ ئاڭلاۋاتىدىغاندۇ؟...
ئەي خۇدا! ... ئىنسانلارغا بەرگەن سەۋر - تاقىتىڭ نېمىدې-
گەن چەكسىز - ھە! ...
جۇدالىق ھەسرىتى ئىچىمنى قورقۇنچ بىلەن قاپلىدى...
كېچىلەردىنمۇ، كۈندۈزلەردىنمۇ بەزدىم. چەكسىز يىراقلارغا
باش ئېلىپ كەتكۈم، زۇلال مەڭگۈ بارالمايدىغان خىلۋەت جايلاردا
ياشىغۇم كەلدى.
نېمە ئۈچۈن كۆكسۈمدە قەلب ئاتەشلىرىم تېخىچە ئۆچمەي-
دۇ! ؟... نېمىشقا تېخىچە لەۋلىرىمدە ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئاتەش-
لىرى ياندۇ؟ ! ...
ئەي خۇدا! مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ ھۇزۇرى، ئەمگىكى،
ھىدلىرى بىلەن تولغان، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە دەلىل بولغان
بۇ يادىكار ئۆيدە ساراڭ بولۇپ قالماي قانداقمۇ تۇراي، قانداقمۇ
ياشاي؟ ...

## ئالتە يىلدىن كېيىن

ئاخشامدىن بېرى يېغىۋاتقان قار شىۋىرغانغا ئايلاندى.
دەل-دەرەخلەر ۋە ئۆگزىلەردە بوران دەھشەتلىك گۈركىرىمەكتە.
ئىزىمىر كۆزۈلۈپ باقمىغان بىر قىش كېچىسىنى ئۆتكۈز-
مەكتە ئىدى.
بىردەم دېرىزىنىڭ ئالدىدا سىرتتىكى ئالامەتلەرنى تاماشا
قىلىپ تۇرغان ياش ئايال كەينىگە يېنىپ، مەشنىڭ يېنىدىكى
سافادا ژۇرنال ۋاراقلاپ ئولتۇرغان مېھمىنىغا:

— شۇكران!... بۇ سوغۇقتا نامىقنىڭ كېلىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ... ئىستانبۇلدا ھاۋا تېخىمۇ يامان بولۇشى مۇمكىن، ھەر ھالدا يولغا چىقمىغاندۇ، قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

ياش مېھمان بېشىنى كۆتۈرۈپ قولىدىكى ژۇرنالنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئويلانغان ھالدا:

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، نامىق بەگ قارامىلىق قىلماي-دۇ، — دېدى.

— كەتكىلى يىگىرمە كۈن بولدى... بۇ ھەپتە ئىچىدە چوقۇم قايتىدىغانلىقىنى يازغانىدى...

— ھاۋارايى بۇ قارارنى ئۆزگەرتتى دېگىنە...

— بىراق ئىشلىرىنى تاشلىۋېتەلمەيدۇ-دە!...

— ئەندىشە قىلما!...

— بوراندىن قورقۇۋاتىمەن... يولغا چىقىپ قالغان بولسا...

— شۇ ئەسنادا ياندىكى ھۇجرىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن بەش ياشلاردىكى ئوماق بىر ئوغۇل بالا كىردى. ئۇ قولىدىكى بېشى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ياغاچ ئاتنى كۆرسىتىپ:

— ئاپا، قارا، گۈلتەر ئويۇنچۇقۇمنى سۇندۇرۇۋەتتى!... — دەپ ئەرز قىلدى.

زۆلال بالىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى سۆيۈپ قىيناشقا باشلىدى.

بالا قىقاس سېلىپ تېپچەكلەپ كەتتى.

زۆلال قاقاقلاپ كۈلەتتى، بايىقى ئەندىشىلىرى ئۇنتۇلغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن گۈلتەرنىڭ: «ئەرول!» دەپ توۋلىشى بىلەن بالا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

زۆلال سافادا ئولتۇرۇپ تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق ئالامىتى ئاستا ـ ئاستا يوقالماقتا ئىدى.

ئاخىر زۇلال كۇلكىسىنى توختىتىپ چارچاپ كەتكەندەك ئۆزىنى كەينىگە تاشلىدى.

— زۇلال! — دېدى شۇكىران ئۇنىڭغا قاراپ، — سېنىڭ مىجەزىڭ غەلىتىلا ئىكەن... بۇ يەردە مېھمان بولۇۋاتقىنىمغا ئون كۈن بولدى. بۇ كۈنلەردە مىجەزىڭنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۇم. بەلكى بۇ ئۆزۈڭگە بىلىنمەيدىغاندۇ... لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، سەندە يوشۇرۇن بىر ئىزتىراپ بار...

— بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ جېنىم شۇكىران؟ — دېدى زۇلال چاقچاقلا ئايلاندۇرۇپ.

— راستىڭنى ئېيتسەن زۇلال، سەن يوشۇرۇن بىر ئىزتىراپ بىلەن تولغىنىپ كېتىۋاتىسەن قېرىندىشىم!

زۇلال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن مۇرىلىرىنى ئويىنىتىپ:

— بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

شۇكىران كۈلمەي، ئىنتايىن سەممىمي ۋە ھېسداشلىق بىلەن دوستىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ:

— بىز ئىككىمىز قەدىناس دوست، بىزنى قېرىنداش دېيىشمۇ بولىدۇ، سىرداش دېيىشمۇ بولىدۇ. ئىچ سىرىڭنى ماڭا ئېيتىشنى خالىمامسەن؟ سەن تۇرمۇشلۇق بولغان ئالتە يىلدىن بۇيان ئىككىمىز بەك ئاز كۆرۈشتۇق. بۇگۈنگىچە خۇسۇسىي ھاياتىڭ ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتىم... ئەپسۇسكى بۈگۈن چۈشىنىۋاتىمەن، سىرتقى كۆرۈنۈشىڭدەك بەختلىك ئەمەسسەن، زۇلال...

زۇلال ئولتۇرالماي قالدى، شۇكىران ئۇنىڭغا ئىرەنمۇ قىلمىدى.

— ھازىرمۇ كۆڭلۈڭدە ئۆتكەن ئىشلاردىن بىر پۇشايمىنىڭ بار دەپ قارايمەن!

— ئۇنداق ئىش يوق! — دېدى زۇلال قارشى چىقىپ — ئۆتكەن ئىشلارغا مېنىڭ قانداق پۇشايمىنىم بولسۇن؟…
شۇكران زۇلالنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
زۇلال ئەسەبىيلەشكەن هالدا پوپوزا بىلەن تەكرارلىدى:
— ئېيت شۇكران!… نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىڭنى بىلىۋالاي… ئەگەر خاتاسى بولسا تۈزىتىۋالاي…
— خاتا ئەمەسلىكىدىن خاتىرجەم بول… مەن پەقەتلا، باشقىلار ئۆزىگە ئاشكارىلاشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويسام بولارمۇ ـ بولماسمۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن…
— ئەلۋەتتە بولىدۇ… سەن مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان دوستۇم ۋە قېرىندىشىمسەن!…
— ئۇنداقتا ئاڭلا: سەن قىز ۋاقتىڭدا ئاجايىپ بىر مىجەزىڭ بار ئىدى. ياخشى كۆرگەن، ياقتۇرىدىغان هەر قانداق نەرسىنى يوقىتىشتىن هۇزۇرلىناتتىڭ، چىرايلىق بىر گۈلنى تىتىپ تاشلايتتىڭ، ئۆزۈڭگە يارىغان رەسىمنى قارا قىلىۋېتەتتىڭ، ياخشى تارالغان چاچلارنى چۇۋۇۋېتەتتىڭ! مەسىلەن، ياخشى كۆرگەن بىر كىشىڭگە ئويلىمىغان ئەرزىيەتلەرنى قىلاتتىڭ… بۇ سەن ئۈچۈن هەقىقەتەن هۇزۇر بولاتتى. دوست ـ يارلىرىڭدىن هەممىدىن كىملەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى چۈشىنىشتە قىيىنالمايتتىم… چۈنكى سەن ياخشى كۆرىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سېنىڭ ئازابىڭنى تارتقانلار ئىدى…
— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، شۇكران؟
— شۇنداق!… لېكىن هېچكىم «بىر كىشى» دەك ئازاب چەكمىدى، زۇلال!…
— ئۇ كىم؟…
— قۇۋلۇق قىلىۋاتىسەن…
— ئىشەنگىن، سۆزلىرىڭدىن هېچ نەرسە چۈشىنەل-

چىدىم...
— شوكران! ماڭا دۈشمەنلىك قىلىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ قوپال ئاۋاز بىلەن.
— شۇنداق زۇلال! سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى، خاتالاشمىغانلىقىمنى چۈشىنىشىڭ ئۈچۈن ئەينەككە بىر قاراپ باقساڭ كۇپايە قىلىدۇ!...
زۇلال قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇراتتى، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، لەۋلىرى پۈرۈلگەنىدى. شوكران ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا ئىچىنغان هالدا كۈلۈمسىرىدى.
— بۈرۈن ماڭا بەزى ئىشلارنى دېگەنىدىڭ، ئېسىڭدىمۇ؟
— نېمە توغرۇلۇق؟
— توي قىلىش تەكلىپى توغرۇلۇق؟
— شۇنداق!
— مانا شۇ تەكلىپنى رەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟
زۇلال ئەندىكىپ كەتتى.
— پۇشايمان قىلمىدىم... زادىلا!
— يالغان سۆزلەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟
— قەسەم قىلىمەنكى...
— هەرگىز ئۇنداق ئەمەس!...
شوكران زۇلالنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، كۆزلىرىدە ئىنتايىن سەمىمىي هېسداشلىق ئەكس ئېتەتتى.
— نىجات سېنى بەختلىك قىلالايتتى، زۇلال! — دېدى شوكران ئاخىر
......
— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ مەن بۇ يەرگە كەلگەن ئاخشام گەپتىن گەپ چىقىپ سەندىن ئۇنى سورىغانىدىم، ئىسمىنى ئاڭلاپلا بىر قىسما بولۇپ كەتتىڭ... بىردەم خىيال سۈرۈپ كېيىن

ئۇنىڭ توغرىسىدا: «نىجات ئەدەبىيات ساھەسىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى، ئەسەرلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك، بازغۇچى بولدى. راستىنى ئېيتسام، بۇنداق بولۇشىغا زادى كۆزۈم يەتمەيتتى. ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىمەن! ...» دېدىڭ. بۇ سۆزلەرنى شۇنداق مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ دېدىڭكى، شۇ ھامان كۆڭلۈمگە بىر گۇمان كەلدى... مەن ئۇقمىغان كىشى بولۇپ يەنە كوچىلاپ سورىدىم، بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە چۈشكەن گۇمان ئىشەنچكە ئايلاندى ...دۇرۇس، ئالتە يىلدىن بېرى پەقەت بىر نەچچە قېتىملا ئۇچراشقانلىقىڭلارنى، بۇ ئۇچرىشىشىڭلاردىمۇ ئېتىبارسىز ھەتتا يات ئادەم ئورنىدا مۇئامىلە قىلغىنىڭنى سۆزلىرىڭدە ئىستۇرۇپ ئۆتكىنىڭدە ئاۋازىڭنىڭ تىترەپ چىقىشى؛ بولۇپمۇ «مەندىن قاچتى...» دېگىنىڭدە كۆزلىرىڭنىڭ خىيالچانلىقى ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى... نىجاتنىڭ سەندىن نېمە ئۈچۈن قاچقىنىنى ھەر ھالدا بىلىسەن زۇلال! ...

— شۇكران! ...

— ئاڭلا دوستۇم! ... نىجات ئادەتتىكى زەربە بىلەن بۇنچىلىك يارىلانماس ئىدى. ھەر ھالدا ئاراڭلاردا ئۆتكەن ئىشلار پەقەتلا بىر توي قىلىش تەكلىپى ۋە ئۇنىڭ رەت قىلىنىشىلا ئەمەس! ...

— ئۇنداق بولسا...

— ئاراڭلاردا نېمە گەپ بولغانلىقىنى سوراشقا ھەققىم يوق. لېكىن شۇنداق قارايمەنكى، يالغۇز ئۇنىڭ قەلبى بىلەن ئەمەس، غۇرۇرى بىلەنمۇ ئويناشتىڭ!

زۇلالنىڭ كۆزلىرى ئويغا چۆمدى، شۇكران ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

شۇ چاغدا سائەت ئونغا جىرىڭلىدى. زۇلال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋاقىت خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ... ئۇيقۇڭ كەل-

گەن بولسا ياتايلى، — دېدى.
— يەنە بىردەم پاراڭلىشايلى...
— مەيلى، بىراق ھەممىسى بىكار گەپلەر! ... مۇنداقلا دەپ قويغان بىر گـەپنى بـۇرۇنقـى ئىشلارغـا بـاغلاش مۇمكىن ئەمەس! ...
— مانا مۇشۇ سۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆڭلۈڭدىكىنى ئاشكارا قىلىپ قويۇۋاتىسەن، مۇنداقلا دەپ قويغان بىر گەپنىڭ ئۆتمۇشكە باغلىنىشى سېنىڭ ئارزۇيۇڭ، ھەتتا ئېھتىياجىڭ! ...
زۇلال بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن بوش ئاۋاز بىلەن:
— ئۇ كېچە... ئۇ دەھشەتلىك كېچە زادى ئېسىمدىن چىقـمايدۇ! — دېدى ـ دە، قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.
شۇكران ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى، لېكىن ئارتۇقچە سوئاللارنى قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
— ھەرگىز خاتا چۈشىنىۋالما شۇكران! — دېدى زۇلال يىغىدىن توختاپ، — مېنى ئېچىندۇرىدىغىنى پەقەت ئورۇنسىز ئىشلاردا ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرغانلىقىم... دۇرۇس، ئۇنىڭ غۇرۇرى بىلەن ئوينىشىپتىم... مۇھەببىتىنى يۈزىگە ئۇردۇم... ماڭا لايىق ئەمەسلىكىنى جار سالدىم... ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر گەپـلەرنى قىلدىم.
— ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىقىڭدا سەۋەب بار ئىدى. چۈنكى نىجات تېخى بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۆزۈڭنى قۇربان قىلالايتتىڭ؟ ... — دېدى شۇكران كېرىلىپ تۇرۇپ.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان... لېكىن ئۇ مەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن.
— بۇ بالا ساڭا ھەقىقەتەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپـ

تمكەن، زۇلال!

— تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان نەرسە ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلغا-
نىدى!

شۇكران ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى

سىرتتا بوران چىقماقتا، دېرىزىلەرگە ئۇششاق قارلار ئۇرۇ-
لاتتى. ئېگىز دەرەخلەرنىڭ گۈركىرىشى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غە-
لىتە ئاۋازلارنى پەيدا قىلاتتى. شۇكران ئورنىدىن تۇرۇپ سائەتكە قاراپ قويۇپ

— ئەمدى يېتىش ۋاقتى بولدى، — دېدى. زۇلال ئۇندى-
مەي تۇردى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن يەنە بىردەم ئولتۇرىمەن... سەن يات، — دېدى زۇلال.

— ياخشى چۈش كۆر، تاتلىقىم...

— ئۆزۈڭمۇ شۇكران!...

بىر پەستىن كېيىن زۇلال ھۇجرىدا يالغۇز قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەشكە كۆمۈر سالدى. ئاندىن سافاغا يېرىپ ئولتۇردى.
ھەسرەتلىك قاراشلىرى بىلەن خىيالغا چۆكۈپ جىم بولۇپ كەتتى.

گاھ قاپاقلىرى تۇرۇلەتتى، گاھ لەۋلىرىدە سوغۇق تەبەس-
سۇم كۆرۈنەتتى، ئارىلاپ چىراينى ئەندىشىلىك غەم باساتتى.

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتتى، ئۇ بىردىن قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە بىردەم تاشقىرىغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى.

باغچا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە يېنىقلىق تۇرغان ئېلېكترنىڭ يورۇقىدا دەرۋازىغا بارىدىغان يول كۆرۈنۈپ تۇراتتى، زۇلال يولغا سەپسېلىپ قارىدى.

تۆيۇقسىز، بىر ئەر كىشىنىڭ قاتتىق يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭ-
لاندى، مۇزلاپ كەتكەندەك مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئىچى-
گە تىقمۇالغان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

«نامىق!...» زۇلال چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ يۈگۈرۈپ چى-
قىپ كەتتى.

زۇلال تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشكەندە ئىشىك قوڭغۇرىقى بوش-
قىنە چېلىندى. بىراق، بۇ ئېرىنىڭ چالغان قوڭغۇراق ئاۋازىغا
ئوخشىمايتتى، ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىك-
نىڭ يېنىغا باردى.

تاشقىرىدىكى ئادەم ئۈچىسىدىكى قارلىرىنى چۈشۈرۈش ئۈ-
چۈنمۇ، ياكى ئىسسىنىش ئۈچۈنمۇ، ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ
قوياتتى.

زۇلال بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە قوشۇلۇپ كەتكەن غەيرىي
ئاۋازلارغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئاستاغىنە:

— كىم؟ — دېدى.
— مەن! — دېگەن خىرە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.
— مەن دېگەن كىم؟
— نامىق بەگدىن خوتۇنىغا مەكتۇپ ئەكەلگەندىم!...

زۇلال چۆچۈپ كەتتى، ئۇ بۇ ئاۋازنى تونۇغانىدى. ئۇ تاقاق-
نى تەسلىكتە ئاچتى. ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن «نىجات!» دېگەن
ئاۋازىنى ئىشىكتىن گۈركىرەپ كىرگەن بوران ئۇچۇرۇۋېپ كەتتى.

سىرتتىكى ئادەم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر كونۋېرت-
نى ئۇزاتتى.

زۇلالنىڭ كۆزلىرى ھاياجان ئىلكىدە چانىقىدىن چىقىپ
كەتكۈدەك يوغان ئېچىلغان، لەۋلىرى تىترەپ ئاۋازى ئۆزگىرىپ
كەتكەنىدى.

— نىجات!... نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

ئېغىر پەلتوسىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلگەن ياقىسى ۋە كۆزلىرىگە

چوشۇرۇۋالغان شىلەپىدىن چىرايىنى زادى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ ئەر سوغۇققىنا:

— بىر ۋەزىپە بىلەن كەلدىم، خانىم، يېرىم كېچىدە بىئارام قىلىپ قويغىنىمغا ئۇچۇن ئەپۇ سورايمەن، سىزنى سوغۇقتا توڭدۇرۇپ قويماي يەنە... — دېدى.

زولال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ نارازى بولغان ئاھاڭدا:

— نىجات، خۇدا ھەققىدە مېنى بىئارام قىلما! ... بۇ كېچىدە سېنىڭ ئىشىكتىن كېتىشىڭگە يول قويامدىم، — دەپ يالۋۇردى.

بوران شۇنداق شىددەتلىك گۈركىرەيتتىكى، ئۇلار سىرتتا ئارتۇقچە تۇرالمىدى، ئاخىر ئامالسىز ئىچكىرى كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى.

زولال بوراندا چۇۋۇلغان، قار قونغان چاچلىرىنى سىلىكىپ تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ھەيرانلىق ئىچىدە نىجاتقا قارىدى. ياش يىگىت قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي جىمجىت تۇراتتى.

— بىرەر مۇھىم خەۋەر ئەكەلدىڭمۇ نېمە، نىجات؟

— خەتنى ئوقۇمامسىز؟

— بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن... ئالتە يىلدىن كېيىن كېچىدە تۇيۇقسىز كۆرۈشۈپ قالغىنىمىزنى قارا. ئادەتتىكى ئىشلار بولغان بولسا بۇنداق تۇيۇقسىز، ۋاقىتسىز بۇ يەرگە كەلمەيتتىڭ... بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، نىجات! ئۆتۈنۈپ قالاي، راستىنى ئېيت!

نىجات بىر قەدەم كەينىگە داجىدى.

— نامىق بەگنىڭ ئىشلىرى پۈتمەي، ئىستانبۇلدا بىر ھەپتە تۇرماقچى! — دېدى نىجات ۋە كەينىدىن ئاستاغىنە قوشۇپ قويدى، — سىزگە بۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۇچۇن ئېرىڭىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چاكار بولۇپ كەلدىم. ھەيران قالغۇدەك ھېچ ئىش يوق... خەتنى ئېچىپ ئوقۇشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى

نجات بوشقىنا كۆلۈپ قويۇپ.

زۇلال نجاتنىڭ بۇ سۆزلىرىگە دەرھال جاۋاب بېرىشنى ماقۇل كۆرمىگەندەك خەتنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ قويۇپ، ئاخىر كونۋېرتنى ئاچتى.

تېخىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان نجات زۇلالنىڭ بۇ ئەسەبىي ھەرىكەتلىرىگە زەڭ سېلىپ تۇراتتى، خەت ئوقۇلۇپ بولا ـ بولـ ماي:

— تۈگىدىمۇ خانىم؟ — دەپ سورىدى. زۇلال تېخىچە خاتىرجەم بولالمىغانىدى.

— ئىزمىرگە پەقەت مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا كەلدىڭمۇ؟ — ... دېدى ئۇ.

— ياق، زۇلال خانىم! خۇسۇسىي ئىشلىرىم بار ئىدى... تۈنۈگۈن ئېرىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانىدىم، ئىزمىرگە بارىدىـ غانلىقىمنى ئۇقۇپ ماڭا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇردى... لېكىن ھاۋا يامان بولۇپ، پاراخوتىمىز توختاپ قېلىپ بۇيرۇقنى كېچىكتۈـ رۈپ قويدۇم، قايتا ئەپۇ سورايمەن...

زۇلالنىڭ كۆڭلى تىنىغاندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ئاۋارە بولغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، نجات. يول ئىسسىق ئۆيگە كىرەيلى...

نجات بىردىن جىددىي تۈس ئالدى ـ دە:

— ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم، خانىم، قايتىشىم ئۈچۈن روخـ سەت قىلغايسىز، — دېدى.

— نەگە قايتىسەن؟

— مېھمانخانىغا!

— چاقچاقىڭمۇ يولى بار... يوق، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە!

نجات زۇلالغا سوغۇققىنە قاراپ قويدى.

— ھۆزۈرىڭىزغا باش تىقىشقا، سىزنى ئاۋارە قىلىشقا

ئەسلا ھەققىم يوق قويۇۋېتىشىڭ، كېتەي!

— قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا جاھىللىق قىلىسەن؟ سوقۇشۇپ قالغانمىدۇق يا؟

— ياق!

— ئۇنداق بولسا؟

نىجات ئارىسالدى بولۇپ قالدى. زۇلالنىڭ تىترىگەن مۇردىلىرىگە قاراپ:

— بولىدۇ، ھوزۇرىڭىزغا كىرەي، — دېدى.

نىجات بېشىدىن شلەپىسىنى ئالغانىدى، بىلىنەر - بىلىنمەس قورۇق باسقان يۈزىدىكى قارا كۆزلىرىدە ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. پاخپايغان چاچلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئاقلار سانجىغانىدى.

ئىسسىق ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، زۇلال ئۇنىڭ قار بولۇپ كەتكەن پەلتوسىنى قولىغا ئېلىپ ئورۇندۇققا يېيىپ قويدى. ئاندىن مەشنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى. ئىككىيلەن بىر - بىرىدىن ئەيمىنىپ تۇراتتى. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن زۇلال سۆز ئاچتى:

— مەندىن بۇنچە يېتىرقىشىڭىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، نىجات! ... بۇ سەمىمىيەتسىزلىك ۋە يىراقلىق نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

نىجات ئاغزىنىڭ ئۇچىدىكى مەنىلىك قىمىرلاشلارنى بۇزماي، بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ توختاپ قالدى.

زۇلال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن زادى بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم. ھەمىشە سىزنىڭ يېقىن دوستۇم، قېرىندىشىم بولۇپ قېلىشىڭىنى خالايتتىم... ئىشەنگىنكى، ئالتە يىل غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن كۈنلىرىمدە سىزنى زادىلا ئۇنتۇمىدىم، لېكىن سەن مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭ. چىرايىمغا قاراپ قويغۇچىمۇ بولمىدىڭ.

— لېكىن…

— ئۇنىڭ قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەقىقىي گەپ شۇ، نىجات! … ئۇچرىشىش پۇرسىتىمىز بەك قىسقا، بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشالمايدىغان بولدۇق… چۈنكى ئەھۋال شۇنداق!

— خاتالاشتىڭىز! مەن سىزنى زادى ئۇنتۇمىدىم… پەقەت، سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىققا دىققەت قىلدىم. سەمىمىيەتسىزلىك قىلىشمىغا كەلسەك، سەمىمىيىتىمنى رەت قىلغان ۋە مېنىڭ دۇنيادا پۈتۈن نەرسىدىن يىراق تۇرۇشۇمنى خالىغان ئادەم سىز! …

— يوقىلاڭ گەپنى قىلىۋاتىسەن نىجات! دۇنيادا ساڭا مەندىنمۇ يېقىن بولۇشنى خالايدىغان ھېچكىم يوق!

— بۇ راستمۇ، زۇلال خانىم؟

— شۇنداق!

— دېمەك، راستتىنلا مېنى ئۇنتۇماپسىز - دە؟ لېكىن، بۇنداق بەخت قۇچقان كۆڭۈلدە بىر دەقىقە بولسىمۇ ياشىغانلىقىمغا قانداق ئىشىنىمەن؟

— ياخشى نىيەتلىك بول، ئاندىن ئىشىنىسەن!

نىجات ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— تۇرمۇشنىڭ دەرد - ئەلەملىرى ئالدىدا ياخشى نىيەتلىك بولۇش ناھايىتى تەس! مەن خاتالىقلىرىمنى تولۇق چۈشەندىم ۋە باشقىچە بىر ئادەم بولۇشقا تىرىشتىم بۈگۈن سىز بىلىدىغان نىجات ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئورنىدا چاچلىرىغا ئاق دارىغان، غورۇرلۇق بىر ئادەم تۇرۇپتۇ… ئۇ سۆيمەسلىكنى، قايغۇرماسلىقنى، ئىشەنمەسلىكنى ئۆگەنگەن بىر ئادەم!

— سەن ئادەتتە تۇرمۇشنى ۋە ئىنسانلارنى سەل چاغلاۋاتىسەن، نىجات! …

— سەل چاغلىغانلىق ئەمەس! بۇنى بىر خىل ئىشەنچسىزلىك دەپ بىلىشىڭىز كېرەك! مەن ئالتە يىل تۇرمۇشنىڭ

ئىسسىق ـ سوغۇقىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم... كىشىلەرنى ياخشى تونۇۋالدىم... بىراق، تۇرمۇش مېنى ئۆلاردىن يىرگەندۈردى. يەر يۈزىدە كىشىلەردىن ئالاھىدە بولۇۋېلىش كۆلكىلىك ۋە ھاجات-سىز، زۇلال خانىم
زۇلال جىم تۇرۇپ بۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ راستىنلا پۇتۇنلەي باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. شۇنچىلىك ئۆزىنى تۇتۇپ شۇنداق كەسكىن سۆز قى-لاتتىكى، بىر زامانلاردا زۇلالغا ئېسىلىپ يالۋۇرغان ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.
— خوش، ئەمىسە ھازىرقى ئەھۋالىڭدىن رازىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى زۇلال يەنە قىزىقىپ.
— ئەلۋەتتە رازىمەن! چۈنكى مېنى ھېچكىمگە ئوخشاشماي-دىغان بىر ئادەم قىلغان بىر يۈرۈش ھېسسىياتلىرىم تامامەن تۈگىدى!...
— جەزمەن شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق. — بىراق مەن بۇ ھېسسىياتلىرىڭنى تامامەن تۈگىتىشىڭگە زادى ئىشىنەلمەيمەن!
— ھەركىم ئۆز چۈشەنچىسىدە مۇستەقىل تۇرىدۇ!
زۇلال ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن نىجاتنىڭ كۆزلىرىگە قا-راپ پەس ئاۋازدا:
— باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭغا قەسەم قى-لامسەن؟ — دېدى.
نىجات بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەرگە قارىدى، ئاندىن جىددىي قىياپەتتە جاۋاب قايتۇردى.
— نومۇسچان كىشىنىڭ سۆزى «قەسەم» دېمەكتۇر. سۆ-زۈمگە ئىشىنىڭكى، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن...
— نىجات!
— خوش، زۇلال خانىم!... ياخشى كۆرۈش خاتا، ياخشى

كۆرۈش قۇللۇقتىن ۋە ياخشى ھېسسىياتلىرىنى زايە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەر يۈزىدە ياخشى كۆرۈش دېگەن سۆزنىڭ دەل مەنىسى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، پۈتۈن جان ۋە تەن بىلەن سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان نېمە بار؟... سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان يېقىنلىقلارمۇ لەۋلەردىكى گىرىمدەك ساختا ۋە سۈنئىي!... شۇنچىلىك قەدىر - قىممەتسىز بىرنەرسە... بۇنى چۈشەنگەن ئادەم ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە ياخشى كۆرۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس!

زۇلال قىزىرىپ كەتتى، نىجاتقا خاپا بولغان ھالدا سوغۇق بىر قاراپ قويدى. ياش يىگىت ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ، پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھېسداشلىق قىلىش ھەممىدىن ئاۋۋال خۇدانى نارازى قىلىش بولىدۇ. خۇدا ئۆزى ياراتقان ھەممە نەرسىگە ئۆزىگە لايىق ھاياتنى بەرگەن!

نىجات بېشىنى كۆتۈردى، زۇلالنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ چىرايىدا شۇنچىلىك پۇشايمان ۋە ھەسرەت - نادامەت ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتىكى، نىجات سۆزىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

زۇلال ئويلانغان ھالدا سائەتكە قارىدى، كاللىسى چىگىش خىياللار بىلەن گاڭگىراپ قالغاچقا، سائەتنىڭ قانچە بولغىنىنى كۆرەلمىدى. نىجاتنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن لەۋلىرىنى تىترىتىپ:

— نىجات، ئارىمىزدىكى بۇ چوڭ نارازىلىقنىڭ پۈتۈنلەي تۈگەپ يېقىن دوستلاردىن بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن... سۆزۈمنى ئاڭلا، — دېدى.

نىجاتنىڭ چىرايى تەبەسسۇم بىلەن ئېچىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ھامامىنىڭ قىزى بىلەن ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ خۇسۇستا كېلىشكەنىدۇق، — دېدى نىجات كەينىگە بۇرۇلۇپ، —

يېگمۋاشتىن كېلىشىم تۈزۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— بار نىجات! چۈنكى ئۇ چاغدىكى كېلىشىم دېگەندەك ئەمەلگە ئاشمىدى.

— بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشىنەمسىز؟

— ئىشىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن...

نىجات زۇلالنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك ئىپادە ئاستا - ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى.

— مەن، — دېدى ئۇ، — كېلىشىمىمىزنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن ئالتە يىل سىزگە يېقىنلىشىشتىن قورقتۇم... ئۆزۈمگە ئىشىنەلەيدىغان كۈننى سەۋرلىك بىلەن كۈتكەندىم... مانا ئۇ كۈنمۇ كەلدى... سىزنى خۇش خەۋەر بىلەن مۇبارەكلەيمەن، زۇلال خانىم!...

زۇلالنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئىپادىلىرى كۆرۈندى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ:

— نېمە دەيسەن نىجات؟... — دېدى.

— ئىشىنىڭ، مەن سەمىمىي ئادەم! ... سۆزلىرىڭىزنى ئۆز بويىچە چۈشىنىمەن، قەلبىمىز بىر - بىرىنى بىزدىنمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ...

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئېچىچە سەمىمىيەتسىز ۋە رەھىمسىزلىك قىلىسەن؟

— شۇنداق بولۇشقا قىزىقىدىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ ئىككىلىسى ئويغا چۆمگەندى. ئۇلار جەزمەن ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويلىشىۋاتاتتى.

بىر ھازادىن كېيىن زۇلال نىجاتقا قاراپ بوش ئاۋاز بىلەن دېدى.

— مەن چېكىنىۋاتقان ئازابنىڭ مۇشۇ يەردە توختىشىنى

ئۈمىد قىلىمەن، نىجات. راستىمنى ئېيتسام ئالتە يىل پۈتۈنلەي ھەسرەت ئىچىدە ياشىدىم... شۇنداق كېتىۋەرسەم، ھەسرەتتىن تۈگىشىمەن!

نىجاتنىڭ قاراشلىرىدا پەرىشانلىق ئالامىتى كۆرۈندى.

— بۇنى مەنمۇ مۆلچەرلىگەنىدىم، — دېدى نىجات، — لېكىن ھەسرىتىڭىزدىن ئۆزۈمگە تەسەللى بولغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدىم. ھەر قانداق ئەھۋالدا بەختلىك بولۇشىڭىزنى، بەختىڭىزگە كۆلەڭگە چۈشۈرۈدىغان ئازاب بولۇتىنىڭ بولماسلىقىنى ئويلىدىم... مەن ھەسرەتلىرىم بىلەن تەنھا ياشىغىنىمدەك، يەنە غۇرۇرلۇق بولۇشتىنمۇ يىراقتا قالدىم، زۇلال!

زۇلالنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئاجايىپ گۈزەل ئىدى! يىللار ئۇنىڭ ياشلىق باھارىغا سېھىرلىك بىر گۈزەللىك قوشقان، نەپىس ۋۇجۇدىغا كېلىشكەن قامەت ئاتا قىلىغانىدى.

نىجات بىر ھازاغىچە دورىسىنى يېرىم يۇمۇپ زۇلالغا سىنىچى نەزەرى بىلەن باقتى، ئاندىن يان تەرەپكە قارىۋالدى. شۇ تاپتا نىجاتنىڭ لەۋلىرىدە مەنىلىك، ئەمما ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تەبەسسۇم پەيدا بولغانىدى. بۇ قانداقلا بولسۇن، تېخىچە قەلبىنى ئازابلاۋاتقان چوڭ بىر جاراھەتنىڭ ئارىلىقىدىن ئېرىڭ بىرەتتى.

زۇلال بۇنى ھېس قىلغاندەك بىردىنلا شۇنداق دېدى:

— نىجات، ماڭا قايتىدىن ئوچۇقراق قىلىپ: «زۇلال، ئىچىمدىكى بارلىق گۇمانلارنى تاشلايمەن، بۇرۇنقىدەك ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي بولىمەن. ئۆتكەن سەت ۋە ئېچىنىشلىق نەرسىلەرنى تامامەن ئۇنتۇيمەن، سېنى بىئارەم قىلمايمەن. ئۆيۈڭنى، ئېرىڭنى ۋە بالاڭنى يات كۆرمەيمەن. ئارىمىزدا خۇشال - خۇرام ھايات بەرپا قىلىمىز، ئۆلگۈچە مۇشۇنداق ئۆتىمىز!» دېگىن.

نىجات زۇلالغا يېقىنلاپ قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ۋە كۆزلىرىگە تىكىلىپ:

— تىلىگىنىڭ بولسۇن! — دېدى. ئاندىن زۇلالنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزدى.

بۇ چاغدا تام سائىتى رىتىملىق داڭ ئۇرۇپ تۈن يېرىمىدىن خەۋەر بەرگەندى....

— ئوغلۇمنى كۆرۈشنى خالامسەن نىجات؟

— ئەلۋەتتە! — دېدى نىجات بوش ئاۋازدا.

ھۇجرا ئىچىنى پالما دەرىخىنىڭ شەكلىدىكى ئۈستەل چىرى-غى ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان كىچىك لامپۇچكا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي جاھازىلىرىنى ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، يورۇقلۇق پەقەت كارىۋاتتىكى ئەدىيالغىلا چۈشۈپ تۇراتتى.

زۇلال ئىككى كىشىلىك كارىۋاتنىڭ يېنىغا باردى. ئاق ياستۇققا چۆكۈپ ياتقان ئەرۇل يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلاۋا-تاتتى.

زۇلال ئېگىشىپ بالىسىنىڭ يىپەكتەك چاچلىرىنى سىيلاپ قويدى. ئاندىن لەۋلىرىنى ئاستاغىنە ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگ-كۈزدى.

نىجات نېرىدا بۇ كۆرۈنۈشنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى.

— سەن كۆرگەندىكىدىن چوڭ بوپتۇمۇ؟ يېقىنراق كەل-سەڭچۇ؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ تۇرىسەن!

— ئويغىنىپ كەتمىسۇن زۇلال!

— ئويغانمايدۇ. كەل، يېقىنراق كېلىپ كۆرۈپ باق!

ياش يىگىت كارىۋاتقا يېقىن بېرىپ ئېگىشتى، زۇلال بىلەن ئىككىسىنىڭ بېشى بىر يەرگە كېلىپ قالدى. شۇ ئارىدا، ئۇش-تۇمتۇت ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئىككىسى تەڭلا بېشىنى كۆتۈر-دى. ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدە شۇكران تۇراتتى.

شۇكران كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ھەيران بولۇپ:

— نىجات بەگ! سىز ئىكەنسىزغۇ؟ نەدىن كېلىپ قالدى-ڭىز؟ قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى.

نجات كۈلۈپ شۈكراننىڭ ئالدىغا باردى.

— كېچىدىكى شۇئۇرغاندا مېنى قۇيۇنتاز ئالدىغا سېلىپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى، شۈكران خانىم! — ئۇ زۇلالغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — زۇلال سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى ئېيتقان بولسا، بۇنداق تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئۆيقۇڭىزنى بۇزمايتتۇق!

شۈكران تېخىچە ھەيران بولۇپ تۇراتتى.

— تاراق - تۇرۇقنى تۇيمىدىم... ئۇيقۇم قېچىپ كۆزۈمنى ئاچسام مېھمانخانىدا يورۇق كۆرۈندى. زۇلالنى ئويغاق ئىكەن دەپتىمەن. سىزنى كۆرۈپ چۆچۈمىگىلى دەپ قالدىم.

ئۇچەيلەن مېھمانخانىغا كىردى، شۈكران سافانىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ بىر زۇلالغا، بىر نجاتقا قارايتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قوياتتى. ئاخىر سەۋر قىلالماي دوستىغا ئىنگلىزچە:

— كۆڭلۈڭلەردە بىر يوشۇرۇن سىر باردەك قىلىدۇ. نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق ئۇچرىشىش بۇ! ئۆزۈڭمىغۇ ئاخشامدىن بېرى ئۇنى كۈتۈپلا تۇراتتىڭ! — دېدى.

زۇلال نجاتنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىتتىكلا تۈركچە جاۋاب قايتۇردى:

— نجاتنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن زادى خەۋىرىم يوق، شۈكران... مەن نامىقنى كۈتۈۋاتاتتىم...

— لېكىن، ئۆتكەن چاغلارنى ئەسلەۋاتاتتىڭ!

بۇ سۆزدىن خېلىلا تېرىككەن زۇلال شۈكرانغا جاۋاب قايتۇرمىدى.

نجات دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەينەكتىكى قاردىن ھاسىل بولغان ئاق پەردىنىڭ نەپىس نەقىشلىرىگە قاراپ تۇراتتى. شۈكران ئۇنىڭغا قاراپ سەممىمىي تەلەپپۇز بىلەن:

— بىر نەچچە يىل بولدى، سىزنى يىتتۈرۈپ قويدۇق،

نجات بەگ! نەلەردە يۈرىسىز، — دېدى.
نجات سالماق قەدەملەر بىلەن مەشكە يېقىن بىر سافاغا كېلىپ ئولتۇردى.
— مېنى ئۇنتۇمىغىنىڭىزغا رەھمەت، شۇكران خانىم!... پۈتۈن ۋاقتىمنى ئىشلىرىمغا سەرپ قىلىۋاتقىنىمنى چۈشەندۈرۈش-نىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك...
— نېمىدېگەن بەختلىك سىز! ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇپ تۇرىمەن... ياخشى يازىدىكەنسىز! تۇرمۇشتا ئاز يازغۇچىلارغا نې-سىپ بولغان چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىڭىز ئۈچۈن سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن!...
نجات مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— ئەپسۇس، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىم مېنى مەن موھتاج بولغان بەختكە ئېرىشتۈرەلمىدى، شۇكران خانىم!
— چۈشىنەلمىدىم! ؟
— زۇلال چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ!
زۇلالنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. نارازىلىق بىلەن نجاتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ:
— بەختنىڭ ھەرخىل مەنبەلىرى بار، بەزىلەر پۇل، بەزى-لەر نام، بەزىلەر قارا نىيەتنىڭ كەينىدە قاتراپ يۈرىدۇ، سېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭنىڭ قايسى جەھەتتىن سېنى رازى قىلمىغىنىنى بىلىسەن، نجات! — دېدى.
نجات زۇلالنىڭ بۇ جاۋابىغا لېۋىنى چىشلەپ قويدى ۋە ئىتتىكلا:
— مېنى ھەرگىز ماددىي پايدىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ دەپ قالماڭ! — دېدى.
— بۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار! — دېدى زۇلال كۈلۈم-سىرەپ، — لېكىن سەن مەنىۋى ئۇتۇقلىرىڭنىمۇ سەل چاغلام-سەن نېمە؟ بۇ مېنىڭچە مۆلچەرلىگۈسىز چوڭ مۇۋەپپەقىيەت!

نىجاتنىڭ قاراشلىرىدا شۇنداق بىر ئوت چاقناپ كەتتىكى، زۇلال ئۇنىڭغا قارىيالماي ئالدىغا قارىۋالدى. شۇكران ئۇلارنىڭ كەينىگە قولاق سېلىپ تۇراتتى.

— نىجات بەگ، زۇلال ھەر دائىم سىز بىلەن پەخىرلىنىدۇ... مەنمۇ ئوتتۇقلىرىڭىزغا پۈتۈن قەلبى بىلەن ئورتاق!

— شۇنداقمۇ؟

— بۇنىڭدىن گۇمان قىلامسىز؟

— شۇكران خانىم، مەنمۇ ئوتتۇقنى مەنئۇبلىككە چىن دىلىمدىن بېرىلگەنلەر قارشى ئالىمدۇ. قەدىر - قىممەتنى دېپلوم ۋە پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغانلار ئۇچۇن باشقىچە...

— نىجات! — زۇلالنىڭ ئاۋازى كۆڭۈلنى ئەزگۈدەك دەرىجىدە تىترەپ چىقتى. نىجات قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇزۇنغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇچىلىسى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

سۆھبەت مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. سائەت ئىككىدىن ئاشقاندى. زۇلال نىجاتقا ئورۇن سېلىپ بېرىش ئۇچۇن چىققاندا شۇكرانمۇ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

زۇلال ھوجرىغا كىرگەندە نىجاتنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئەندىشە ئىپادىسىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ نىجات؟ — دەپ سورىدى.

— دوستۇڭنىڭ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋىرى بارمۇ نېمە؟

— قانداق؟

— قاراشلىرىدا، سۆزلىرىدە باشقىچە مەنە بار. ھەممىنى بىلىدىغاندەك قىلىدۇ.

— خاتالاشتىڭ نىجات!

— ياق زۇلال! كۆزلىرىم ياخشى كۆرىدۇ. سەزگۈلۈرۈممۇ كۈچلۈك!

زۇلال پەس ئاۋاز بىلەن:

— شۇنداق! ... — دېدى ئىختىيارسىز، — لېكىن ھەممىسىنى ئەمەس!
— قانچىلىك؟
— ماڭا تەكلىپ قويغىنىڭنى ۋە مېنىڭ بۇنى رەت قىلغىنىمنىلا بىلىدۇ! ...
نىجاتنىڭ چىرايىنى ھەسرەت بۇلۇتلىرى قاپلىدى.
— ئۇنى دېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى! ... دوستۇڭ بولسۇن، لېكىن سىردىشىڭ بولمىسۇن... دىققەت قىل، زۇلال! ...
بوران توختاپ شىۋىرغان سېلىككەن، تىمتاس ۋە جىمجىت بىر كۈن باشلاندى.
مەشىنىڭ يېنىدا ئەرۇل بىلەن ئويناۋاتقان نىجات:
— ئەگەر نامىق ئىستانبۇلغا كۆچۈپ بارسا خۇش بولامسەلەر؟ — دەپ سورىدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرغان زۇلال بىلەن شۇكران نىجاتقا قىزىقىپ قاراشتى.
— نېمە ئانچە ھەيران بولىسىلەر؟ ... ناۋادا شۇنداق بولسا دېمەكچىمەن.
زۇلال كۈلۈمسىرەپ دېدى:
— چۈش كۆردۈڭمۇ نېمە؟
— شۇنداق زۇلال!
— راستمۇ؟ قېنى چۈشۈڭنى ئۆرۈپ بەر، ئاڭلاپ باقايلى!
نىجاتمۇ كۈلۈمسىرىدى. تىزىدا ئولتۇرغان ئەرۇلنىڭ چاچلىرىنى سىيلاپ چۈشىنى ئەسلىدى ۋە ئۆرۈشكە باشلىدى:
— سىلەر ئىستانبۇلدا ئىكەنسىلەر... چوڭ بىر ئۆيدە... قالايمىقان ئۆي جاھازلىرى ئارىسىدا تۇرغۇدەكسىلەر... ئەرۇل ساندۇقلار بىلەن چامادانلار ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك... مەن قىزىقىپ: «نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتىسىلەر؟ بىر يەرگە كۆچەمسىلەر؟» دېسەم، نامىق: «ياق! ...» بۇ يەرگە ھېلى كەل-

دۇق… ئورۇنلىشىۋاتىمىز! يىراق يەردىن بەزدۇق… ئائىلىگە يېقىنراق ئولتۇرايلى!…» دەۋاتقۇدەك. كۆرگەن چۈشۈم مانا شۇ… لېكىن ئاجايىپ چۈش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

زۇلال چاي ئوتلىدى ۋە:

— بىر خەيرلىك بار، خۇدا بۇيرۇسا! ھەقىقەتەن ئاجايىپ چۈش ئىكەن! — دېدى.

شۇ ئەسنادا باغچا دەرۋازىسىنىڭ قوڭغۇرىقى ئەنسىز جىرىڭ-لىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خىزمەتچى بىر تېلېگراممىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

زۇلال قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تې-لېگراممىنى قولغا ئېلىپ ئاچتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى.

— نامىقتىن، نامىقتىن كەپتۇ! — دېدى ئۇ ۋە تېلېگرام-مىنى ئوقۇدى:

«ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كېلىش پىكرىم ئەمەلىيلەشتى. ئىك-كى كۈندىن كېيىن سىلەرنى ئەكېلىشكە بارىمەن. ئۆي جاھازىلى-رىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن نىجاتنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆزىدىن سورا. ھەممىڭلارنى چىن دىلىمدىن قۇچاقلايمەن. نامىق»

زۇلال ھەيرانلىق ئىچىدە نىجاتقا قارىدى، شۇكران تېخىمۇ ھەيران ئىدى.

نىجات قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— قانداق؟ چۈشۈم ئوڭدىن چىقتىمۇ! لېكىن ئىشىنىڭلار-كى، ھېچقاچان چۈشلىرىم بۇنداق ئوڭدىن كەلمىگەن.

— قارا، سېنىڭ ئۈستىلىقىڭنى! — دېدى زۇلال، — سېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن ـ دە؟ چۈشنى ئۆزۈڭ توقۇپ چىقىپسەن!

— بۇ چۈشنى راست كۆردۈم، زۇلال، توقۇپ چىققان ئەمەس! لېكىن، نامىقنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ خەۋىرىم بار ئىدى!

نىجات بىر ياقتىن كۈلۈپ، بىر ياقتىن ئورۇندۇق، كۆلدانلارنى ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكەپ يىغىشتۇرغاندەك قىلدى، ئاندىن:

— قېنى ئەمىسە! ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ئىشنى باشلايلى! — دېدى.

— دېمەك، سىز خىيالىڭىز بىلەن چۈشىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئوخشايسىز، نىجات بەگ! — دېدى شۈكران نىجاتنى گەپكە سېلىپ.

— ئېھتىمال، شۈكران خانىم! خىيال بىلەن چۈشنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ۋاقىتلىرىم جىق! مېنىڭچە، تۇرمۇش كۆپ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

نىجات بۇ سۆزلەرنى ھاياتنىڭ يۈكى ئاستىدا ئېزىلگەن ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىكى بىلەن ئەمەس، ھاياتنىڭ ئۈستىگە چىققان قاۋۇل ئەرنىڭ تەنتەنىسى بىلەن ئېيتقانىدى.

شۈكران ئۆز ھاياجانلىرىنى يوشۇرماي، ئىختىيارسىز:

— زۇلال، تۇرمۇشتا ناھايىتى چوڭ بىر نەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويغانلىقىڭنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندىم! — دېدى.

زۇلال ۋىللىدە قىزاردى، نىجات تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ:

— زۇلالنىڭ ھەسرەت قىلىشىغا تېگىشلىك يوقاتقان بىر نەرسىسى بار!... — دېدى.

— ئۇ نېمە؟

— دوستلىرىغا ئوغرىلاتقان سىرى!

تاشقىرىدا شامال چىقىپ يېڭىۋاشتىن قار يېغىشقا باشلىغانىدى. زۇلال ئۈنىنى چىقارماي دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى. خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن يىراقلاردىكى قارلىق تۆپىلەرگە نەزەر تاشلىدى... ئۇنىڭ قەلبىدە پۇشايمان، ئىزتىراپ ۋە ھەسرەت ئوتلىرى يانماقتا ئىدى.

# 13

## سجاتنىڭ ئانىسىغا بېغىشلىغان خاتىرىلىرىنىڭ داۋامى

…مەن ئالتە يىلنى سەۋر - تاقەت قىلىپ ئۆتكۈزدۈم، ئانا! … ھاياتىم دەرد - ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن يۇغۇرۇلدى، چاچلىرىم ئاقاردى…

شۇ ئۇزۇن قاراڭغۇ يىللار ھەققىدە دەپتىرىمگە بىر قۇر شىكايەتمۇ يازمىدىم… چۈنكى دەردىمگە داۋا ئىزدەش بىلەن بولۇپ كەتتىم، «ئۇنتۇش» ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم.

كېچىلەرنى چۈشۈمدە قارا بېسىش بىلەن، كۈندۈزلەرنى بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۈم، بەزىدە كۆكسۈمنى ئېغىر بىر يۈك بېسىۋالغاندەك بولاتتى. نەپسىم سىقىلىپ، ئىچ باغرىم ئۆرتىلەتتى. قەلبىمدىكى يارىدىن چىپىلداپ قان ئاقاتتى.

پۈتمەس - تۈگىمەس خىياللاردىن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرالمايتتىم، پەسىللەرمۇ يارامنى قوزغايتتى، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ مېنى ھەرخىل بەختسىزلىككە باغلايتتى.

دەسلەپكى ئىككى يىلنى رەسمىي كېسەللىك بىلەن ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا، ھاياتىي كۈچۈمنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدىم.

كۆزۈمگە چېلىققان سۇمبۇل چاچلىقلار مېنى بۇرۇنقىدەك ھاياجانلاندۇرمايدىغان بولدى. كۆلكىلىرىدە ئۇنىڭ ئاھاڭىنى، كۆزلىرىدە ئۇنىڭ شادلىقىنى ئىزدىمەيدىغان بولدۇم. ئىرادەم كۈچىيىپ ھېسسىياتلىرىم مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى؛ ھاياتنىڭ «زۇلال» دىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىنى ئۆزۈمگە ئىشەندۇرۇشكە باشلىدىم.

كەڭ مۇھىتتىكى ھەرخىل ھەۋەسلەرگىمۇ بېرىلىپ باقتىم، يېڭى دوست - بۇرادەرلەرنى تاپتىم. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزلىرىم ھەقىقەتنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولدى. ھەممىدىن بىزار بولدۇم، يەنە پات - پاتلا زۇلالنى ئويلاشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمىدىم. ئۇنىڭ ئىشىق پىراقىدا پەيدا بولغان يۇرەك يارىلىرىمنى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ دېيىشكە ئىسپاتىم يوق ئىدى.

زۇلالنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇش پىكرى بەزىدە مېنى پەرىشان قىلاتتى، نېمىشقىدۇر قورقاتتىم. ماڭا تۇرمۇشنى، چۈشىنىشنى، ئەڭ ساپ ۋە ئېسىل ھېسسىياتلارنى شۇ مۇھەببەت بەخش ئەتكەنىدى، ئۇنىڭدىن تامامەن مەھرۇم بولۇشقا رازى بولمايتتىم!

نامىقتىن ئارىلاپ مەكتۇپلارنى ئېلىپ تۇردۇم. بۇ مەكتۇپلار دەسلەپتە ماڭا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرغانلىقى ھەققىدىكى بىردىنبىر ئىسپات ئىدى. ئۇنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ يامان ئادەتلىرىنى تاشلىغانلىقى ماڭا مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى، ھەر قانداق ئىسپاتى كۆڭلۈمنى ئالالمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئالتە يىلدىن كېيىن بۇ ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەندىم. زۇلال قانداقلا بولسۇن بەختلىك ئەمەس ئىدى! ...

## 14

ئونبەش كۈندىن بېرى ساھىلدا تۇرۇۋاتىمىز... ھاۋا ناھايىتى سوغۇق! ... سەھەردە ھۇجرامنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قىيپاش ئاچقان دېرىزىدىن سوغۇق ھاۋا يۈزۈمگە يىڭنە سانجىغاندەك ئۇرۇلدى. ئىزغىرىن شامال چىقىۋاتاتتى، ئۇدۇلدىكى دۆڭلۈكلەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى.

چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە تۇرغىنىمدا، ھۇجرامنىڭ ئىشىكى ئىتتىك ئېچىلدى، مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئۆيگە ئەرۇل كىرىپ كەلدى.

بودورۇقىنە بۇ بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئېيتىلدى:
— تاغا، تۇردىڭىزمۇ؟ ئاپام كېيىملىرىمنى كىيگۈزۈپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرگۈزدى.
ئەرۆل ئاپىسىغا شۇنداق ئوخشايتتىكى، ئۇنى ئەركىلىتىشتىن، قاپقارا كۆزلىرىگە ئۇزاق قاراشتىن ئاجايىپ ھوزۇر ئالاتتىم.
ئۇ تىزىمدا ئولتۇرۇپ مەن بىلەن گەپلىشىشكە باشلىدى.
— تاغا، سىز نېمىشقا دادامدەك ئەتىگەندە ئىشقا كەتمەيسىز؟
ئىچىمگە پاتمىغان نارازىلىقنى كىچىك بالىدىنمۇ يوشۇرالمىدىم.
— مېنىڭ ئىشىم يوق تۇرسا!...
— نېمىشقا يوق تاغا، سىزمۇ چوڭ ئادەمغۇ؟
— چوڭ ئادەم... لېكىن باشقىلاردەك ئەمەس!
بالا چۈشىنەلمەي چىرايىمغا قارىدى ۋە بىردىن:
— سىزنىڭ چاچلىرىڭىز نېمىشقا ئاق؟! — دەپ سورىدى.
مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە ئەرۆلنىڭ يۇملاق مەڭزىلىرىنى سىيلاپ:
— قېرىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن! — دېدىم.
— تاغا، سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز يامانمۇ؟ ئاپام شۇنداق دەيدۇ.
— ئاپاڭ نېمە دەيدۇ؟
بالا مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— ھە... مەن ئاپامدىن سورىغانىدىم... — دېدى.
— نېمە دەپ سورىدىڭ؟
— تاغامنى ياخشى كۆرىمەن، ئاپا... بىراق سۆزلىرىنى ياخشى چۈشەنمەيمەن. نېمىشقا ئۇنداق؟ دېدىم. ئاپام: «تاغاڭنىڭ

سۆزلىرىنى مەنمۇ ياخشى چۈشەنمەيمەن» دېدى.
— ئاپاڭ شۇنداق دېگەندە كۈلدىمۇ؟
— ياق، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ دېدى.
— ھىم! !...
— تاغا، سىز چاچلىرىڭىز ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن دائىم ئاچچىقىڭىز كېلىپ كۈلمەي يۈرەمسىز؟
— ھەئە ئەرۋل! چاچلىرىم ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن!
— بىراق، چوڭ ئاپام دائىم كۈلۈپ يۈرىدىغۇ...
— ئۇنىڭ چاچلىرىنى باشقا نەرسە ئاقارتىپتىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن...
— ئۇ قانداق نەرسە؟
— قېرىلىق...
ئەرۋل يەنە بىردەم ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن:
— نېمىشقا ماڭا تولا قارايسىز تاغا! ؟ — دەپ سورىدى.
— سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن! ...
— مېنى داداممۇ ياخشى كۆرىدۇ... لېكىن مەن ھەممىدىن ئاپامنى ياخشى كۆرىمەن...
يۈزۈمنى ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرىغا سۈركىدىم. دىمىغىمغا خۇددى ئاپىسىنىڭكىدەك خۇش پۇراق ئۇرۇلاتتى.
— ئاپاڭنى قانچىلىك ياخشى كۆرسەڭ... شۇنچىلىك ياخشى ئادەم بولىسەن ئەرۋل! — دەپ قويدۇم.
— تاغا سىزمۇ ئاپىڭىزنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىڭىزمۇ؟
— ھەئە، ياخشى كۆرەتتىم!
— ئۇمۇ مېنىڭ ئاپامدەك چىرايلىقمىدى؟
— چىرايلىق ئىكەن، مەن كۆرمىگەن!
— ھە! نېمىشقا كۆرمىدىڭىز، — دەپ سورىدى بالا ھەيران بولۇپ.
— ئاپام مېنى تۇغۇپلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن.

— سىزنى ھېچكىم ياخشى كۆرمىگەنمۇ؟ سۆيمىگەنمۇ؟
— مېنى ياخشى كۆرىدىغان باشقا كىشى بار ئىدى... ھامىمام بەزىدە سۆيۈپ قويىاتتى.
— سىز ھېچكىمنى سۆيمىدىڭىزمۇ، تاغا؟
«ياق» دېمەكچى ئىدىم، بۇ چاغدا كەينىمدە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن كەينىمگە قارىدىم، زۇلال بىلەن كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى.
— ساڭا بىر تەلەپ بىلەن كىردىم... — دېدى ئۇ ۋە ھەيران بولۇپ قارىغىنىمنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۈگۈن يەكشەنبە تۇرسىمۇ نامىق يەنە ئىشقا كەتتى. ئۇ ئۆيدە بولسىغۇ سېنى ئاۋارە قىلمايتتىم، ھەيبەلى ئارىلىغا بىللە بارامسەن؟
— مۇشۇ سوغۇقتىمۇ؟
— ئۇ يەرگە سەيلىگە بارمايمىز، ساناتورىيىگە بىر كېسەلنى يوقلىغىلى بارىمىز...
— كىم ئۇ؟
— بىر ساۋاقدىشىم...
چارەك سائەتتىن كېيىن شىمالىي قۇتۇپقا سەپەر قىلىدىغاندەك كىيىنىپ تەييارلاندۇق. ئەرۇل ئەگىشىپ جېدەل قىلغاندى، ساڭا شاكىلات ئالغاچ كېلىمىز، دەپ ئۇنى ئاران كۆندۈردۇق.
سوغۇق شامال پىچاق سانجىغاندەك ئۇرۇلاتتى. پورتقىچە گەپ - سۆز قىلىشماي، كەينىمىزدىن قوغلاۋاتقاندەك ئىتتىك مېڭىپ كەلدۇق.
پاراخوتتا ئادەم جىق ئىدى. ئولتۇرىدىكى زالنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىسىلىپ، ياقىلىرىمىزنى چۈشۈرۈۋەتتۇق. شۇ چاغدىلا زۇلال ماڭا كېسەل توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى:
— بۇ قىز مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر ئىنژېنېر

تۇغقىنى بىلەن يۈرۈپتۇ. ئۇ يىگىت توي قىلمىز دەپ ئۇنى بىر نەچچە يىل ئەخمەق قىلىپ، كېيىن باشقا بىرى بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. بىچارە قىزنىڭ كېسەل بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇ دېيىشىدۇ... مۇھەببەت ئۇچۇنمۇ كىشى ئۆزىنى كېسەل قىلـ-غان بارمۇ؟

زۇلال ئاخىرقى سۆزىنى دەپ بولۇپ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇ-رۇپ:

— پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇدۇ! بەزىلەر ۋىجداندىن، بەزىلەر ئارزۇسىدىن، بەزىلەر ئىستىقبالىدىن، بەزىلەر پۈتۈن ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن! — دېدىم.

زۇلال لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

ئارالغا چىققان يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساناتورىيە-گە بارىدىغانلار ئىدى، بەزىلىرىمىز پىيادە، بەزىلىرىمىز پەيتۇن بىلەن ئاسفالت يولغا چۈشتۇق. پەيتۇننىڭ يانلىرى ئوچۇق بول-غاچقا شىۋىرغان كۆزلىرىمىزنى ئاچقۇزمايتتى.

— نامىق تۇنۇگۇن ئاخشام بىر نەرسە دەۋاتاتتى، بۇنداق سوغۇق بولسا ئىككىنچى بىر يەرگە بارامدىغان! — دېدى زۇلال.

— نېمە دېگەنىدى؟

— راست، سىنىڭ خەۋىرىڭ يوق... ھېلىقى ئۆگەي ئاپاڭ-نىڭ ئىچ ئەرەنكۈيدە قورۇقى بار ئىدىغۇ؟

— ھە؟

— شۇ قورۇقنى نامىق سېتىۋالدى...

نېمە؟

شۇنداق بولدى، — دېدى زۇلال كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق بۇ قورۇق بېشىمىزغا بالا بولدى دېگىنە! نامىق ھە دېسىلا ئۇ يەرگە كېتىۋېلىپ، رېمونت قىلدۇرۇش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى ئۇ يەردە دوست-

لىرى بىلەن ئوۋغا چىقىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئۆز گۆشلىرى بىلەن زىياپەت بەرگۈدەك، بۇ زىياپەتكە بىزمۇ قاتنىشىدىكەنمىز.
— زىياپەتنى كىم تەييارلايدىكەن؟
— ئۇنىڭغا بىز ئارىلاشمايمىز. بىراق، مېنىڭ زېھنىم ھاۋادا قالدى، بۇنداق قاتتىق سوغۇق بولسا ئۆيدە مىدىرلىماي ئولتۇرىمەن...
پەيتۇندىن چۈشكىنىمىزدە سائەت بىر يېرىم بولغانىدى.
باغچىغا كىردۇق. قار بىلەن قاپلانغان چىغىر يولدا زۇلال ئالدىمدا ماڭدى. بىناغا كىردۇق، پەلەمپەي ئۈستىدە پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىككى سېسترا ئۇياق - بۇياققا قاراپ يۈرگىنىمىزنى كۆرۈپ، چوڭراقى يېنىمىزغا كەلدى ۋە كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى.
— مۇجەللانى ئىزدەيمىز! — دېدى زۇلال. ئايال دەرھال قايغۇلۇق تۈس ئېلىپ:
— تۇغقىنى بولامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— ياق دوستى بولىمەن...
— مەرھەمەت! ...
سېسترا بىزنى باشلاپ دەھلىزدىن ئۆتتى، ئاندىن بىر ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشكە ئىشارەت قىلدى.
كېسەلخانىدا بىر كىشىلىكلا كارىۋات بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئەمەس ئىسكىلىت دېگۈدەك قۇرۇق سۆڭەك بىر قىز ياتاتتى. چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن بىزگە قاراپ كۇلۇمسىرەپ قويدى.
زۇلال «ۋېيەي» دەۋەتتى ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ كېسەلنىڭ يېنىغا باردى.
زۇلالنىڭ ئارانلا چىداپ ئولتۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بەكلا تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ قالدىم.

ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلاشقان بولدۇق. كېسەلنىڭ ئاۋازى ئاران چىقاتتى، بىچارە قىز ئىنتايىن ئۈمىدسىز ئىدى.

ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى، زۇلالدىن ئەندىشە قىلىپ، بالدۇرراق ئورنىمىزدىن تۇرۇشنى كۈتەتتىم.

ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ قايتىشقا ئىجازەت سورىدىم. زۇلال يەنە كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بىچارە قىزغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن قايتىپ چىقتۇق.

ھاۋا بۇزۇلۇپ جۇدۇنغا ئايلانغانىدى. پەيتۇنغا چۈشكىنىمىزدە سوغۇقتىن جاقىلداپ تىترەپ كەتتىم.

زۇلال دۈگدىيىپ بېشىنى مۈرەمگە قويۇۋالدى.

بىر ھازادىن كېيىن زۇلالنىڭ ئېسەدەۋاتقانلىقىنى تۇيدۇم.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما! — دېدىم مەن قولىنى سىقىپ، — پېشانىسىگە يېزىلغىنى شۇ بولسا كېرەك!

زۇلال ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە قارىدى.

— بىر چىرايلىق قىزنىڭ ھاياتىنىڭ مۇشۇنداق ئاخىرلىشىشى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! ئۇ چوقۇم ھېلىقى يىگىتنى كەچۈرمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ، — دېدى.

شۇ ھەپتە ئىچىدىلا، مۇجەللا ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدۇق...

زۇلال بىلەن قايغۇلۇق قارىشىپ قويدۇق، بەختسىز قىز ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلاشقان بولدۇق. لېكىن، بۇ ئارال سەپىرى ۋە بۇ پاجىئە قەلبىمدە زۇلالغا بولغان مۇھەببەتتەك چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇ قارلىق كۈننى، ئۇ دەھشەتلىك سەپەرنى ۋە قاراڭغۇ كېچىنى نېمىشقىدۇر ئۇنتۇيالمىدىم ۋىجدانسىزلارغا قۇربان بولغان «مۇجەللا»لار بىلەن تولغان بۇ دۇنياغا ئىچ - ئىچىمدىن نەپرەتلەندىم.

# 15

قىش مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى. زۇلال بىلەن دوستلۇقىمىزنى تەۋرىتىدىغان زەررىچە ئىشمۇ كۆرۈلمىدى. باھارمۇ كېلىپ قالدى...

نامىقنىڭ ئەھۋالى مېنى كۆندىن - كۈنگە ئويلاندۇرۇۋاتقىنى بولمىسا، ھاياتىمنى بەختلىك كېتىۋاتىدۇ دېسەممۇ بولىدۇ. زۇلال ئۇچۇن يوشۇرۇن دەرد - ئەلەم مەنبەسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئەھۋال مېنىمۇ ئىنتايىن بىئارام قىلاتتى...

ئەمدى ياخشى چۈشەندىمكى، نامىق قىلچە ئۆزگەرمىگەن بۇرۇنقى نامىق ئىدى! ... ئۇ يەكشەنبە كۈنلىرىنى دائىم ئىش باھانىسى بىلەن سىرتتا ئۆتكۈزگىنىدەك، بەزى كېچىلىرىمۇ ئۆيگە قايتمايتتى...

زۇلال ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى ھەمىشە بەزى باھانە - سەۋەبلەرگە باغلاپ ئۇنى قوغدىماقچى بولاتتى ۋە دەرد - ئەلەملىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى...

دەرۋەقە، ھازىرغىچە ئەر - خوتۇن ئارىسىدا زەررىچە ئاغرىنىشلار كۆرۈلمىدى، بۇ زۇلالنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئىدى، ئەلۋەتتە.

تۈنۈگۈن ئەتىگەن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. دېرىزەمنى ئاچسام زۇلال باغچىدا ئىكەن، قولىنى كۆكسىگە دالدا قىلىپ يۇقىرىغا قارىدى:

— ئەمدى تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ، — باغچا ئاجايىپ چىرايلىق بوپكېتىپتۇ نىجات!

— ھازىر چىقىمەن!

دەرھال كىيىنىپ باغچىغا چۈشتۈم.

زۇلال دېگىنىز قىرغىقىغا يېقىن رەيھانزارلىقنىڭ بويىدىكى

چىمەنلىكتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا جىمجىت تەبىئەتنىڭ پاك ھۆسنى ئەكس ئېتەتتى، مەڭزىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس ھال رەڭ، لەۋلىرى قىزىل، كۆزلىرى نۇرلۇق ۋە شاد - خۇرام ئىدى.

ئەسۋەد قالفا چوڭ پەتنۇستا ناشتىلىق ئەكەلدى. بىز ئۇياق-تىن - بۇياقتىن پاراڭلاشقاچ ناشتا قىلىۋاتاتتۇق، شۇ ئەسنادا باغچا دەرۋازىسىنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.

ھۇنەرۋەن قىياپىتىدىكى بىر كىچىك بالا كىرىپ:

— بۇ يەردە نىجات بەگ دېگەن كىشى بارمۇ؟ — دېدى.

دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردىم.

— مەن بولىمەن، ئوغلۇم، نېمە ئىشىڭ بار؟

— سىزگە نامىق بەگ خەت ئەۋەتتى. كونۋېرتنى ئىتتىك ئېلىپ ئاچتىم، خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئىنىم نىجات!

ساڭا ناھايىتى مۇھىم بىر ئىلتىماسىم بار، ئېھتىياتسىزلى-قىم تۇپەيلىدىن پۈتۈن بەختىم بەربات بولۇشى مۇمكىن، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال!... بىزنىڭ ئىشكاپتىكى كۆل رەڭ كاستۇمىمنىڭ قويۇن يانچۇقىدا سۇس يېشىل رەڭلىك كونۋېرتلىق ئىككى پارچە مەكتۇپ بار. بۇلار خوتۇنۇمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن. مېنى چۈشىنىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. كۆڭلۈم بىر يەردە بولمى-غانلىقى ۋە ئۇنۇتقاقلىقىم مېنى بۇ سەتچىلىككە مەجبۇر قىلدى. سەن مېنىڭ دوستۇم، نىجات!... ئۇلارنى زۇلالغا سەزدۈرمەي قولۇڭغا ئېلىۋال!... كېيىن ئەھۋالنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن...

نامىق»

خەتنى ئوقۇپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. شۇ تاپتا نامىقنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئاچچىقىم بېسىلمايتتى.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇلگۇرمەيلا زۇلال يېنىمغا كەلدى.

— نېمىكەن ئۇ؟ مەكتۇپمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق! سۆيگەن يارىمدىن كەپتۇ! قولۇمنى كەينىمگە قىلىۋالدىم، — كۆرسەتمەيمەن!… سۆيگەن يارىمدىن كەپتۇ… ئىشەنگىن، سۆيگەن يارىمدىن!…

— ئوقۇيمەن… ئوقۇيمەن دېدىم ئوقۇيمەن! — دەپ تالاشتى زۇلال تېرىكىپ.

ئۇ قىز چاغلىرىدىكىدەك جاھىللىق بىلەن مېنى خەتنى كۆرسىتىشكە قىستاپ كۆزلىرىمگە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى.

بىردەم گۈللۈك ۋە دەرەخلەرنىڭ ئەتراپىدا قوغلاشتۇق. ئاندىن چىملىقنىڭ ئۈستىدە بوغۇشتۇق. چاچلىرىمىز چۇۋۇلۇپ، ئۈستۈبېشىمىزغا كۆكتاتلار چاپلىشىپ كەتتى. قارا تەرگە چۆمۈپ ھاسىراپ كەتتۇق، ئاخىرى بوي بەردىم.

ئۇ يېڭىلگەنلىكىنى تېرىكىش ئارقىلىق ياپماقچى بولۇپ:

— ئۆچۈمنى ئالماي قالمايمەن! خەپ توختاپ تۇر! — دېدى.

مەن شۇ ھامان قەغەزنى تىتىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتىم.

زۇلال ماڭا غەزەپ بىلەن قارايتتى، ئاچچىقى بىلەن بىر تۇتام رەيھاننى يۇلۇۋېلىپ يۈزۈمگە قارىتىپ ئاتتى ۋە:

— يوقال! كۆزۈم كۆرمىسۇن سېنى! — دەپ ئاچچىقلاندى. مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئاچچىق بىلەن كۈلگەن بۇ كۈلكىلىرىم باغچىدا ئەكس سادا قوزغايتتى.

— دېمەك، مەندىن يوشۇرۇدىكەنسەن - دە؟! بوپتۇ! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يەنە بىر ھەسرەت ئەلەڭگۈسى قاپلىدى.

— ئەلۋەتتە ساڭا مەكتۇپلار كېلىدۇ… سەنمۇ يوللايسەن… بۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم؟ — دەپ قويدى ئۇ.

مەن يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە، كۆزلىرىگە، چاچلىرىغا شۇنداق سەپسېلىپ قارىدىمكى، ئۇ كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي پەس ئاۋاز بىلەن:

— مۇستەقىل ئەركەكسەن! مېنىڭ توغرا ئەمەس. بىراق چاقچاق... ئىشەنگىنكى ساڭا چاقچاق قىلدىم! — دېدى.

مەن يەرگە چېچىلغان رەيھان گۈللەرنى تېرىۋالدىم - دە، ئۇنىڭدىن گۈلدەستە ياساپ زۇلالنىڭ ياقىسىغا قىستۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن يەنە بىر ئاز يېقىنلىدىم. قولۇم كۆكسىگە تېگەر - تەگمەي زۇلال تۇيۇقسىز كەينىگە داجىدى، گۈلدەستە قولۇمدىن ئۇنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپ يەنە چېچىلىپ كەتتى.

— كالۋا! — دېدى ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى سىلكىپ، — تاشلانغان نەرسىلەرنى قايتا قولۇڭغا ئالما!

زۇلالنىڭ نېمە دېمەكچى بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم.

— بۇ سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭ بولسىمۇ يەردىن تېرىۋالما! — دېدى ئۇ يەنە.

— مەن ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ئاياغ ئاستى قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئۇ مەن ئۈچۈن يەنىلا قىممىتىنى يوقاتمايدۇ! — دېدىم مەن.

زۇلال مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى ۋە كۆزلىرىنى يىراقلارغا يۆتكەپ جىم بولۇپ قالدى...

ئۈستۈنكى قەۋەتتە ھېچكىم يوق ئىدى. پەلەمپەيدىن ئاستا چىقىپ ئېھتىيات بىلەن زۇلالنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم.

يۇرىكىم نامىقۇل قارشى قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام ھېسسىياتى بىلەن سوقاتتى.

ئىشكاپنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا قوللىرىم تىترەپ كەتتى. قولۇپتا قالغان ئاچقۇچقا قول تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، ئاخىر غەيرىتىمگە ئېلىپ ئىشكاپنى ئاچتىم. چاققانلىق بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى ئاختۇرۇپ، كۆل رەڭ كاستۇمنى تاپتىم. يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، قولۇمغا چىققان قەغەزلەرگە قارىدىم، لېكىن يېشىل كونۋېرتنى تاپالمىدىم.

يۈزۈم ئوت ئېلىپ، قوللىرىم تىترەپ كەتتى.
يانچۇقلارنى يىغىۋاشتىن ئاختۇرۇپ چىقىپ ئاخىر مەقسەتكە يەتتىم. كونۋېرتلار بىر خاتىرە دەپتەرنىڭ ئارىسىدا ئىكەن، ئۇلارنى تېزلىكتە قويۇن يانچۇقۇمغا سېلىۋاتقىنىمدا پەلەمپەيلەرنىڭ يېنىك تاراقلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.
زۇلال ھۇجرىسىغا كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى ھۇجرىسىدا كۆرۈپ قالسا ناھايىتى سەت ئىش بولاتتى. ئىشىكنى تاقىۋالغان بولسامچۇ كاشكى، مەيلى، نېمە بولسا بولسۇن… لېكىن بۇ ئەھۋالدا؟ !…
قورقۇنچلۇقتا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، مۆكۈۋالىدىغان يەرمۇ يوق ئىدى.
ئىشكاپنىڭ ئىچىچۇ؟ بۇمۇ بولىدىغان گەپ. مەن ئويلاپ تۇرمايلا ئىشكاپنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتىم.
يۈرىكىم شۇنداق شىددەتلىك دۈپۈلدەپ كەتتىكى، بۇ ئاۋازنىڭ سىرتقا ئاڭلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم.
كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئارىسىغا تۈگۈلۈۋېلىپ جىم تۇردۇم.
ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. توپلەي بىلەن تاقىلداپ كىرگەن زۇلالنىڭ ماڭا تونۇش بولغان ئۆكچىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يېقىملىق تاۋۇشلىرى گىلەم ئۈستىدە توختىدى. ئۇنىڭ مېڭىشلىرى بەك چىرايلىق ئىدى.
ئۇنىڭ ئاۋۋال كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كەلگىنىنى ھېس قىلدىم، كېيىن دېرىزە تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ بىرنەرسە ئىزدەپ يۈرسە كېرەك.
بىردىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى: ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى شىرىقشىپ قالدى! دېگەندەك زۇلال ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ تارتتى. مەن چىشلىرىمنى چىڭ چىشلەپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىشىكنى تارتىپ تۇرۇۋالدىم. ئىچىدە تۇتۇشقا ئەپلىك يەر بولمى-

غاچقا كۆچ ئېلىشالمىدىم. ئاخىر ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى.

زۇلالنىڭ چۆچۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ بىر هازاغىچە گەپ ـ سۆز قىلماي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى.

— هېچ ئىش! — دېدىم بوش ئاۋاز بىلەن.

— ئەمىسە ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نىجات؟!

مەن دەرهال ئىشكاپتىن چىقتىم. زۇلال ماڭا هەيران بولغان هالدا قورققاندەك قىلىپ قارايتتى.

— نېمىشقا كىچىك بالىدەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئۇ يەنە.

هېچ گەپ تاپالماي، ئاغزىمغا كېلىشىچە:

— سېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن! — دېدىم. ئۇ بىر ماڭا، بىر ئەتراپىغا قاراپ گېپىمگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— سېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن مۆكۈۋالغىنىمغا ئىشەنمەمسەن؟ — دېدىم.

— بالا ۋاقتىڭدىمۇ بۇنداق قاملاشمىغان چاقچاقلارنى قىلمايتتىڭ. زادى چۈشىنەلمىدىم!

ۋاقتى كەلگەندە پەش قىلىش ياخشى چارە ئىدى، شۇڭ بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشتىم:

— ئىشكاپقا مۆكۈش چاقچاق بولمىسا، نېمىگە كىرىۋاپتىمەن؟ ئوغرىلىق قىپتىمەنمۇ ئەمىسە.

— نىجات، — دېدى زۇلال، — بۇنداق يوقىلاڭ گەپنى قوي! بۇنداق بالىلارچە چاقچاق قىلىدىغىنىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن، شۇڭا هەيران بولۇۋاتىمەن.

ئۇ جاۋاب بەرمەي ئىشىك تەرەپكە ماڭغىنىمنى كۆرۈپ، كەينىمدىن يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، قولۇمنى تۇتۇۋالدى:

— نېمىگە ئاچچىقلايسەن... ئەلۋەتتە چاقچاقتىن باشقا مەق‑
سىتىڭ يوقتۇ... نېمىشقا مۇنداق قاملاشمىغان قىلىق قىلىسەن،
نىجات؟

زۇلال كۆزلىرىمدىن روھىي ھالىتىمنى چۈشەنگەن بولسا
كېرەك، بىردىن مۇرەمگە ئېسىلىپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئىككىلىمىز ئاچچىقىمىزدىن يانايلى... بىر ‑ بىرىمىز‑
نى چۈشىنەيلى، نىجات، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەم كۈلەتتى ۋە يىغلايتتى.

— مېنى كەچۈر! بۇ خاتا ئىشىمنىمۇ ئەپۇ قىل! — دېدىم
مەن ۋە جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىتتىك ھۇجرامغا چىقىپ كەتتىم.

مەكتۇپلار «نەباھات» ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئىمزاسى
بىلەن كەلگەنىكەن. كونۋېرتلاردىن بىرىنىڭ كەينىدىكى ئادرېسى‑
دا بىر رايون، بىر بىنانىڭ نامى ۋە بىر نومۇر بار ئىدى. مەن
دەرھال يازلىق پەلتويىمنى ئالدىم ‑ دە، پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ
ماڭدىم...

تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشكىنىمنى كۆرگەن زۇلال كەينىمدىن
چىقىپ:

— نەگە ماڭدىڭ، نىجات؟ — دەپ سورىدى.

— بىر يەرگە بېرىپ كېلىمەن... بىر ئىشىم بار
ئىدى، — دېدىم.

— مۇھىم ئىشمۇ؟

— ھەئە؟

ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئەيمەنگەندەك قىياپەتتە:

— بارمىساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

— قانداق دەيسەن؟

— مەن بۈگۈن چەنگەلكۆيگە قېيىن ئىگىچەمنىڭكىگە بار‑
ماقچىدىم... بىللە بارايلى دېگەن...

مەن ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ پەلتويىمنى كىيگەچ:

— بولمايدۇ! بۇگۈن بولمايدۇ! رەنجىمە زۇلال! — دې-
دىم.

ئۇ مېنى تېخىچە ئاچچىقى يانماپتۇ دەپ قالدىمۇ ياكى تەلىپى-
نى قوبۇل قىلمىغىنىمنى باشقىچە چۈشەندىمۇ، ئىشىككە يۆلەنگەن
پېتى مەن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ قالدى...

ئىشىكنى ئۇتتۇرا ياش بىر خىزمەتچى ئايال ئاچتى.

— نەباھات خانىم ئۆيدىمۇ؟

ئۇ ماڭا دىققەت قىلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئاستاغىنە:

— بار! قېنى مەرھەمەت... مەن خەۋەر قىلاي... — دېدى.

مېنى باشلىغان مېھمانخانا باشقىچىلا ياسالغانىدى. دۇخاۋا
قاپلىق سافالارنىڭ بىرىگە ئولتۇرۇپ ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا قارى-
دىم.

بىر چاغدا ھېلىقى ئايال چىقىپ:

— خېنىم نام - ئەمەل كارتوچكىڭىزنى تەلەپ قى -
لىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭغا ئوشۇق گەپ قىلمايلا:

— بۈيۈك دەرەدىكى ساھىل داچىسىدىن كەلگەنلىكىمنى
ئېيتقايسىز، — دېدىم.

ئايال چىقىپ كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن يەنە كىردى ۋە:

— مەرھەمەت ئەپەندى! خېنىم ئۆزلىرىنى ھۇجرىسىدا
كۈتىدۇ... — دېدى.

— خېنىم ئاغرىقمىدى؟ — دەپ سورىدىم.

— يوغسۇ ئەپەندى، ھازىر مۇنچىدىن چىققانىدى... ئارام
ئېلىۋاتىدۇ...

— خېنىم بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرامدۇ؟

— ئاپىسى ۋە سىڭلىسى بار. لېكىن ئۇلار بۈگۈن ئۆيدە
ئەمەس... مەن يېڭى كەلگەنلىكىم ئۈچۈن يەنە كىملەر بارلىقىنى
بىلمەيدىكەنمەن...

— قاچان كەلگەنتىڭىز؟
— بۈگۈن ئەتىگەن!
خىزمەتچىنىڭ كەينىدىن ماڭدىم، دەھلىزدىن ئۆتۈپ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئايال ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ كەي-نىگە قايتتى.
— مەرھەمەت، كىرىڭ! — دېدى «خېنىم».
ھۇجرىغا كىرىپلا تاڭ قالدىم.
كارىۋاتتا يېرىم يالىڭاچ بىر ياش ئايال ياتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا دەرھال قولىرى بىلەن مۈرىلىرىنى يېپىۋالدى ۋە «ئا!...» دەپ ۋارقىراپ يۈزۈمگە قاراپلا قالدى.
ئۇنىڭ چىرايى ماڭا يات ئەمەس ئىدى.
— ئاكا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.
شۇئان مېڭەمگە كالتەك تەگكەندەك ئايلىنىپ كەتتىم، ئۆ-زۈمنى زورىغا تۇتۇۋالدىم. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۇچىسىغا پوپايكى-سىنى ئارتىپ دەرھال كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە بۇ شەرمەندىچىلىك-نى يوشۇرۇش ئۈچۈن خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ:
— سىز ئاكام ئىكەنسىزغۇ... ۋاي قىزىقەي! مەنمۇ سىزمى-كىن دېگەندىم... خىزمەتچى بۈيۈكدەرەدىكى داچىدىن بىر بەگ كەپتۇ دېگەندە دەرھال ئېسىمگە كەلگەنىدىڭىز... — دېدى ۋە ئەتەي كۆلگەن بولۇپ يېنىمغا كەلدى، — ئولتۇرۇڭا ئاكا!... سىزنى شۇنداق سېغىنغانىدىم!...
ئۇ ئۆزگىرىپ، باشقىچىلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان سافاغا قاراپ قويدۇم، لېكىن ئول-تۇرمىدىم.
— ئادرېسىمىزنى قانداق تاپتىڭىز؟ بىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن-دىڭىز... قېنى قانچە يىل بولدىكىن... — دېدى ئۇ بىردەم ھېسابلىغاندەك قىلىپ، — ئالتە يىل بوپتۇ!... نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەنسىز! چىرايلىق تولۇپسىز ئاكا! — دېدى.

ئۇ ئەتراپىمدا ئايلىنىپ، ئالىدى - كەينىمگە سەپسېلىپ قارىدى. بىردىن پارتلاپ كېتىش توغرا ئەمەس ئىدى، مەن ئاۋازىمنى تۇتۇۋېلىپ:

— تويۇڭ بولغۇدەك... سېنى تەبرىكلەپ كەلدىم! — دېدىم.

— تويۇم بولغۇدەك؟... كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— يالغان ئېيتمايدىغان بىر دوستۇم!

— ئۇ دوستىڭىز يالغان ئېيتىپتۇ!

— مۇمكىن ئەمەس!

ئۇ قورققاندەك قىلىپ چىرايىمغا سەپسالدى.

— بۇنداق ئىش بولسا سىزدىن نېمىشقا يوشۇراي.

— بەلكى تېخى ئاشنا بولۇپ يۈرۈۋاتقانسىلەر.

— ياق، بۇنداق ئىشمۇ يوق!

— ئۇنداق بولسا، سەن مەكتۇپ يازغان ئەر كىشى كىم؟

— نېمە دېدىڭىز؟

— بىر ئەركىشىگە مەكتۇپلارنى يېزىپسەن!

— يالغان!

بىلىكىنى تۇتۇپ ئۇنى سافاغا ئولتۇرغۇزدۇم.

— ئۇ مەكتۇپلاردىن ئىككىسى قولۇمغا چۈشتى... بۇلارنى كۆرۈشنى خالامسەن؟

— ئاكا! ... نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنداق چاقچاقنى قويۇڭ! سىزگە ئۇسسۇلۇق ئەكىلەي...

يانچۇقۇمدىن كونۋېرتلارنى چىقاردىم:

— ئۇسسۇلۇقنى كېيىن تەييارلايسەن! ھازىر ماڭا جاۋاب بەر، سەن بۇ مەكتۇپلارنى ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ بالا - چاقىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

نەباھاتنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. جاۋاب بېرەلمەي لەۋلىرىنى چىش-

لەپ يىغلاشقا باشلىدى.

نەپرەتلىك كۆزلۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلدىم:

— راستىنى ئېيتساڭ پۇشايماندا قالمايسەن. ماڭا ئەينى ئەھۋالنى ئېيتقىن!... قېنى گەپ قىل!

— ئاكا... قەسەم قىلىمەنكى مەندە گۇناھ يوق!

ئۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نامىق بىلەن قانداق تونۇشتۇڭلار؟ — دېدىم مەن.

......

— قېنى ئېيتە!... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەمسەن؟

— ئاكا!

— ئېيت... نىمە ئۈچۈن بالا - چاقىلىق بىر ئەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشتىڭ؟ ئۇنىڭدىن نېمە كۈتتۈڭ ۋە نېمە كۈتمەكچى بولۇۋاتىسەن؟

نەباھات يەنە ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى. مەن بىلەكلىرىنى قاتتىق تۇتۇپ سىلكىشتۈردۈم:

— جاۋاب بەر... ھېچ ئىش بولمىسا بىر نېمە دېمەيمەن!

نەباھات بىلەكلىرىنى قولۇمدىن بوشىتىۋالدى، ئاندىن سەل كەينىگە داجىپ دۈدۈقلىغان ھالدا:

— ئاكا، — دېدى، — سىزگە ئەھۋالنى ئېيتاي... مەندە... ھېچ گۇناھ يوقلۇقىنى بىلىپ قالارسىز — ... ئۇ بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — بىز ئىچ ئەرەنكۈيدىكى قورۇقىمىزنى سېتىشقا ئېلان چىقارغانىدۇق... بەزى خېرىدارلار چىقتى، ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتۇق... شۇ ئارىلىقتا نامىق كەلدى... قورۇقنى ئارىلاپ كۆردى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا بىرنەچچە قېتىم كېلىپ كەتتى. ئاخىرىدا بىز دېگەن باھادىن كۆپرەك پۇل بېرىپ قورۇقنى سېتىۋالدى... بۇ چاغدا يامان نىيىتى بارلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم... كېيىن ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى... بىر مۇنچە ۋەدىلە-

كېيىن ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى ... بىر مۇنچە ۋەدىلە-
ـەر بىلـەن مېنى قانائەتلەندۈرۈپ، مەن بىلەن توي قىلىش
نىيىتىنى ئېيتتى ... ئاپامنىمۇ قانائەتلەندۈرۈپ بۇ بىنانى ئىجارى-
گە ئېلىپ بەردى. بىراق كېيىن...
— ھە، كېيىن قانداق بولدى؟
— بالا - چاقىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم... بىراق ... ئەمدى
بولغۇلۇق بولدى...
ئورنۇمدىن تۇردۇم، ۋۇجۇدۇم تىكەنلىشىپ كەتكەندى.
قوللىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ:
— ئەمدى يانالمايسەن، بالا - چاقىلىق بىر ئەرنىڭ ئاشنى-
سى بولۇپ ياشاشنى لايىق كۆردۈڭ، شۇنداقمۇ؟! — دېدىم.
— ئاكا!...
— مېنى «ئاكا» دېگۈچى بولما! ئەمدى سېنى تونۇمايـ-
مەن... لېكىن، مەقسىتىڭ نېمە؟ شۇنى ئېيت!
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن؟
— ھاياتىڭنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزمەكچىمۇ سەن؟
— شۇنداق!
يۈزىگە قاتتىق بىر كاچات ئۇردۇم، نەباھات نېمە بولغىنىنى
بىلەلمەي قالدى.
— ئاكا!...
— ئاغزىڭنى يۇم، ئىپلاس! ئۆيدە ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇر-
غان بىر ئايالنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىڭ ۋىجدانسىزلىق ئەمەس-
مۇ! بىرىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇش شۇنچە ياخشى ئىشمۇ؟ خوتۇنىنى
ۋە بالىسىنى ئۇنتۇپ، بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ كەينىدە يۈرگەن پەس-
كەشتىن نېمە كۈتىسەن؟
شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆگەي ئاپام بىلەن
كىچىك سىڭلىم كىرىپ كەلدى.
— ھەي خوتۇن! بۇ ئۆينىڭ نېمىسى سەن؟ قىزىڭنىڭ

قىلىپ يۈرگەنلىرىگە خۇش بولۇپ يۈرەمسەن؟ خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇشقا نومۇس قىلمامسەن؟... — دەپ دېۋەيلىدىم. ئۆگەي ئاپام ئەلپازىمدىن قورقۇپ كەتتى، — نامىق بۇندىن كېيىن بۇ ئۆيگە دەسسىگۈچى بولمىسۇن! يەنە كەلگىنىنى ئۇقۇپ قالىدىغان بولسام كۆرىدىغىنىڭ بار!

— قىزىمنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ بىز ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قاپتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ قىزىمنى بېقىش قەرزى بار!

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قەرزنى تۆلىمىسچۇ؟

......

— ئۇنىڭغا قەرزدار بولىدىغان باشقا بىرى چىقمامدۇ؟

— بۇنىڭغا ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ...

— قانداقلا بولسۇن، بۇ رەزىللىك مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن، گەپ شۇ!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ سەن بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ئاكا بولۇپ بىر كۈن قېرىنداشلىقنى يەتكۈزدۈڭمۇ؟ بۇلارنى ئۆزۋاقتىدا تۇرمۇشقا چىقارغان بولساڭ، بېشىمىزغا بۇ رەسۋاچىلىقلار كەلمىگەن بولاتتى.

كىچىك سىڭلىم قورقۇمسىراپ يېنىمغا كەلدى:

— ئاكا، خاپا بولماڭ! ھەددەمدە ھەقىقەتەن گۇناھ يوق. ئاپام بىلەن مەنمۇ گۇناھسىز، خۇدا ھەققى، نامىق بەگنىڭ ئايالى بارلىقىنى بىلمەپتىمىز...

— بۈگۈن بىلدىڭلار، نوكھەت! ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۈگۈن بىلدىڭلار!

— بىراق ... بۇ ئۆيىنى ئۇ ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەن، بىزنى بۇ يەرگە ئۇ كۆچۈرۈپ كەلگەن تۇرسا ... قانداقچە ئۇنىڭ يۈزىگە ئىشىكنى ياپالايمىز؟

— باشقا يەرگە چىقىپ كېتىسىلەر... مەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ كۆرۈشىمەن!

— ياقال! بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۆگەي ئاپام توساتتىن.

مەن قاتتىق غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم، ئاخىرى بولالماي ئۆگەي ئاپامنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردۈم - دە، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتىم.

نەباھات كارىۋاتتا دۈم يېتىۋېلىپ زارلاپ قالدى.

## 16

كەچلىك تاماقتىن كېيىن مىجەزىم يوقلۇقى ۋە چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ ھۇجرامغا چىقىپ كەتكەنىدىم. بىر چاغدا ھۇجرىنىڭ ئىشىكى چېكىلىپ نامىق كىرىپ كەلدى.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولدۇم، چۈنكى زۇلال كۈندۈزى ئىبرىنىڭ بۈگۈن كېچە كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

دوستۇمنىڭ ئۆڭسۈلى يوق، چىرايىدىن قانداقتۇ ئەندىشە ۋە بىردىلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ يېنىمغا كېلىپ قوللىرىمغا ئېسىلماقچى بولدى ۋە يالۋۇرغاندەك ئاۋاز بىلەن:

— نىجات، سېنىڭ ئۆيلىنىشىڭدەك ئەيىبلىك ئەمەسمەن، گېپىمنى ئاڭلىساڭ چۈشىنىسەن! — دېدى.

— قانداق؟ — دېدىم مەن قوللىرىمنى تارتىۋېلىپ — بۇ يىرگىنىشلىك جىنايەتتىن ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچى بولۇۋاتامسەن؟

نامىق ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىدىن تېرىكىپ:

— مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرۇش ئۈچۈن دەل ئالتە يىل ئۇنىڭ ئىچىمگە يۇتۇپ يۈردۈم. ئالتە يىل ئاز ۋاقىت

ئەمەس... ئاخىر بەزى ئەھۋاللار ۋە ئۇچرىشىشلار ئىرادەمنى بويسۇندۇردى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلىپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇ چىراغنىڭ يورۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەينىگە غادايدى ۋە جىددىي تۈردە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كۈتكەن پۈتۈن ئارزۇلىرىمنى زۇلالدىن تاپتىم دەپ، خاتالىشىپتىكەنمەن... ناھايىتى چوڭ ئالدىنىپتىمەن...

— بۇ مۇمكىن ئەمەس! — ... ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدىم.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، نىجات!...

— قانداقچە باسالايمەن! ئۇنىڭ قانداق كەمچىلىكى بار ئىكەن!... ئېيت، نېمىسى كەم؟...

— سېنىڭ بۇنداق كۆچەپ كېتىشىڭ توغرا ئەمەس، مەن بىرلا مەقسەت بىلەن توي قىلغانىدىم: ئايالىم مېنى ئۆزىگە باغلىۋېلىشى، ئۆيگە ئۆگىتىپ، يامان ئادەتلىرىمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىدى!

— چۈنكى سەن ھەممە نەرسىنى ئايالىڭدىن كۈتتۈڭ، «مەن ئۆزۈمنى دېرىزىدىن ئاتاي، سەن تۇتۇۋال» دېگەندەك ئىش كۆردۈڭ.

— ئۇنداق ئەمەس، نىجات! ... زۇلال ماقۇل بولسا ھەممە ئىش مۇمكىن بولاتتى، لېكىن ئۇ ماقۇل بولمىدى!

— نېمىشقا ماقۇل بولمىدى، ئۇنىڭدا بىرەر سەۋەب باردۇ؟

— سەۋەبسىز نېمە ئىش بولسۇن؟

— ئۇ قانداق سەۋەب؟

— بىلمەيمەن، لېكىن بىر كۈنى بىلمەي قالمايمەن!

ئىككىلىمىز جىم بولۇپ قالدۇق، تۆۋەندە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغانىدى، نامىق ئەندىشىلىك تۇس ئالدى.

— بۇنداق ۋاقىتسىز كېلىشىمدىن زۇلال گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، مەن ئۇنىڭغا بۈگۈن كېچە كەلمەيمەن دېگەنىدىم.

لېكىن كۆتۈلمىگەن بىر ئىشقا ئۇچراپ قېلىپ كېلىشىمگە توغرا كەلدى! — دېدى نامىق ئەپسۇسلانغان هالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇ-رۇپ. — بىلىمەن، مېنى ئېغىر گۇناهكار قىلماقچى بولۇۋاتى-سەن، بۇ بىر قاراشتا توغرا! ئايالىمغا خىيانەت قىلىش بىلەن ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ سېزىمەن. ئاڭلا نىجات! ئايالىم ھەمىشە روھسىز ۋە ئۈمىدسىز... بۇ ئەھۋال-نى توي قىلغان دەسلەپكى ئايلاردىلا سەزگەنىدىم، خالىغىنىنى قىلىپ بەرسەممۇ يەنە بىر يېرى كەم تۇراتتى. ھەر دائىم بۇ كەملىكنى ئىزدەيتتىم، ئەمما ھېچنەرسە بىلەن ئۇنى تولدۇرال-مايتتىم، كەم بولغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىل-مەيمەن...

— جىم بولۇپ قالدىڭغۇ، نىجات!... مېنى زېرىكتۈرگەن نەرسە مانا شۇ... دۇرۇس، زۇلالنى مەن نېمە ئۈچۈندۇر، ئېرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن لايىقىدا رازى قىلالمىدىم! بۇ مەسىلە ئىززەت نەپسىمگە تېگىشكە باشلىدى. ئۆزۈمنىڭ غېمىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇنداق قىلىشىم ئورۇنلۇق دەپ قارايمەن...

— ئورۇنلۇق بولمايدۇ نامىق! دېگەنلىرىڭنىڭ ھېچقايسى-سى سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭغا دەلىل بولالمايدۇ!

نامىق ئورنىدىن تۇردى ۋە قوللىرىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— نىجات — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىششقا ھەققىڭ يوق! مەن ساڭا بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى دەسلەپكى كېلى-شىمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئېيتىۋا-تىمەن... بۇ ئىشقا ئارتۇقچە باش قاتۇرۇشۇڭنى ھاجەتسىز دەپ قارايمەن!

— گەپ قىلما دېمەكچىمۇ سەن؟

— گەپ قىلساڭ نېمە ھاسىل بولىدۇ؟ زۇلالنى بۇنچە قوغداشقا نېمە ھەققىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— هاي، هاي!… چۈنكى ئۇنى مەندىن ئالدىڭ! بەختلىك قىلىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا ۋەدىلەرنى بەرگەنىدىڭ… بۇنىڭغا مەن كېپىل بولغان…

ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدىم، كۆزلىرى شۇنداق قورقۇنچلۇق چەكچىيىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ يەنە گەپ قىلىدىشىدىن ئېھتىيات قىلدىم. بۇ چەكچىيىش ھېلىقى چوڭ سىرنى سەزگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالايتتى!…

نامىق يېنىمغا كەلدى ۋە قولۇمنى تۇتۇپ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ئارتۇق سۆزلىشىشكە ۋاقتىم يوق، نىجات!… خوتۇنۇمنى ياخشى كۆرىمەن… ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى زادى ئويلاپ باقمىدىم… ئوغلۇم مېنى ئائىلىگە باغلىغان يەنە بىر ۋاستە. ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، قانداقلا بولسۇن، ئائىلە ئىناقلىقىمىز جايىدا… ساڭا ھېلىقى خەتنى ئەۋەتىپ يانچۇقۇمدىكى مەكتۇپلارنى ئالدۇرۇشۇم ئەنە شۇ ئىناقلىقنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مەن بەختلىك بولۇشىمىزنى ساڭا ئوخشاشلا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ئويلايمەن. نەباھات مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتاي: ئۇ قىز بىر مائارىپ كادىرى بىلەن يۈرۈۋېتىپتىكەن… قورۇق ئىشىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى كۆرۈپ قالدىم، راستىمنى ئېيتسام ئۇ قىزغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدىن مېنىڭ قولۇمغا ئاسانلا ئۆتتى … مەن تاشلىۋەتسەم ئۇ باشقا بىر خېرىدارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. سىڭلىڭ ھەققىدە مۇشۇ گەپلەرنى دېگىنىم ئوچۇن كەچۈرگىن… لېكىن ئىچكى ئەھۋال مانا شۇنداق!…

بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ قوپال ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ ئەمدى سىڭلىم ئەمەس! — دېدىم.

— دېمەك، چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇق. ئەمدى بىر -

بىر ـ ىمىزدىن رەنجىپ يۈرمەسمىز؟

مەن جاۋاب قايتۇرمىدىم... يانچۇقۇمدىن مەكتۇپلارنى چىقىرىپ ئۇزاتتىم. ئۇمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي مەكتۇپلارنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

گەپ شۇ يەردە ئاياغلاشتى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ، بوسۇغىدا توختىدى ۋە:

ــ ناھايىتى ئاق كۆڭۈلسەن، نىجات، ــ دەپ چاقچاق قىلدى ۋە باشقا گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتى.

ئۆيقۇم قاچقانىدى. ھۇجرا ئىچىدە بىردەم مېڭىپ يۈرگەندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم. دالاننىڭ ئايىغىدىكى دېڭىزغا قاراپ تۇرىدىغان پېشايۋاننىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. دەرھال ئۆزۈمنى ئۇ يەرگە ئاتتىم.

ئىزغىرىن شامال دېڭىز ھاۋاسىنى ئېلىپ كېلەتتى.

قارشى قىرغاقنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە يېنىپ تۇرغان ئېلېكترلار بىر بىرلەپ ئۆچۈپ، ھەممە ياق جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇيقۇغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

رېشاتكىلارغا يۆلىنىپ يىراقلارغا كۆز تىكتىم.

بۇ كېچە ھاياتىمنىڭ پۈتۈن ھەسرەت ـ نادامەتلىرى ۋە پۈتۈن ئۇڭۇشسىزلىقلىرى مېنى شۇ قەدەر ئازابلىدىكى، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىم ئاچچىق ياشلار بىلەن تولدى.

بېشىمنى قوللىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن «ئۇھ» تارتتىم.

ــ نىجات، ــ دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرسەم، زۆلال يېنىمدا تۇرۇپتۇ.

ــ تېخى ياتمىدىڭمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئاستاغىنە.

ــ ياق!... ئاي قاراڭغۇسى بولمىسىمۇ كېچە شۇ قەدەر گۈزەلكى...

ــ شۇنداق!... قاراڭنى كۆرۈپ... جەزمەن شائىرىم ئىلھام

توپلاۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم... سېنى بىئارام قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياق!

زۇلال قوللىرىنى رېشاتكىغا قويۇپ يىراقلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى، بىراق ئەھۋالنى ئاز - تولا سەزگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن ئاستاغىنە:

— چوڭ بىر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان كىشىلەردەك تولىمۇ پەرىشان كۆرۈنىسەن! ئانچە قىلىپ كەتمە! بۇ دۇنيانىڭ ھېچنەرسىسىدىن خاپا بولغۇچىلىكى يوق، — دېدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — دېدىم بىردىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

— ئەرزىمەس ئىشلار! ... سۆزنىڭ خۇلاسىسى، بۇ تۇرمۇشقا چىداشقا مەجبۇرمەن!

زۇلالنىڭ يۇزىگە ئەينەكتىن چۈشكەن ئاينىڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ياشلانغانلىقىنى كۆردۈم. جەينەكلىرىمنى رېشاتكىغا تىرەپ بېشىمنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ تۇتۇق ئاۋاز بىلەن:

— بەختلىك ئەمەسمۇ سەن، زۇلال؟ — دەپ سورىدىم

زۇلالنىڭ تەنلىرى قورۇنغاندەك بولدى، ئۇ مەڭزىلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— بۇنى كېچىكىپ سورىدىڭ، نىجات! — دېدى.

— ئۇ چاغلاردا بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم!

— بىچارە نىجاتىم! نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈلسەن!

— زۇلال؟!

ئۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— بۇ گەپلەرنى ئۆرۈمەيلى، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى!

مەن مەقسىتىمگە يەتتىم… ئېرىم ئورۇن، پۇل، ياشلىق، چىراي، ئىشقىلىپ ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل! … بۇنىڭدىن ئارتۇق ماڭا يەنە نېمە كېرەك!

ئۇ كۆزلىرىنى كۆزلىرىمدىن قاچۇرۇپ لەۋلىرىنى چىشلىدى.

روھىي دۇنيايىمغا بولغان بېسىم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، يۈزۈمنى قوللىرىم بىلەن توسۇۋالدىم، ئىچىمدە ۋولقان پارتلاۋاتاتتى، پۈتۈن تومۇرلىرىمغا ئاچچىق ئازابنىڭ لاۋىلىرى ئاقاتتى.

زۇلال بىر ھازاغىچە مىدىرلىماي تۇردى، كېيىن قولىنىڭ چاچلىرىمغا تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە پەس ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى:

— نېمىگە خاپا بولغانلىقىڭنى بىلىمەن… ئەمدى نېمە پايدىسى؟ تەقدىرنى ئىككىمىز بۇزالمىدۇق! سېنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا زادى ئۆزگەرمىگەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇرىمەن… مېنىڭ ھاياتىم ۋە بەختلىك بولۇشۇمغا پەقەت سەنلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىڭ، پەقەت سەنلا مەن ئۈچۈن مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىپ كەلدىڭ! — ئۇ بېشىنى قولۇمغا قويۇپ بوش ئاۋاز بىلەن سورىدى، — مېنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەمسەن، نىجات؟

قوللىرىمنى زۇلالنىڭ يۈزىدىن ئىتتىك ئالدىم، بۇ چاغدا ئىككىلىمىز قانداقتۇ بىر ئىلتىجا بىلەن بىر - بىرىمىزگە تەلمۈرۈپ باقتۇق. غۇۋا يورۇقلۇقتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلارنىڭ تېخىچە تاراملاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— زۇلال، بۇ سۆزنى تەكرارلىما…

ئۇنىڭ لەۋلىرىدە سوغۇق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ماقۇل، نىجات! ئەمىسە نېمىشقا شۇنچە خاپا سەن؟

— مەندىن ھېچنەرسىنى سورىما!

ئىككىلىمىز-جىم بولۇپ قالدۇق ۋە چوڭقۇر جىمجىتلىق ئىچىدە كېچە مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدۇق.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىر ھازادىن كېيىن ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ خۇش پۇراق ھىدلىرىنى قەلبىمگە سەپتى. شۇ چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن تۇيۇقسىز قوزغالغان ھېسسىيات بىلەن قوللىرىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى سىيلىدىم.

مەڭزىلىرىگە تەگكەن قوللىرىمنى لەۋلىرىمگە تەگكۈزگىنىمنى كۆرگەن زۇلال بىلىكىمنى تۇتۇپ:

— سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە تەشنامەن، نىجات! — دېدى.

بۇ قەسەمنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن ئويلىشىپ تۇرمايلا كۆڭلۈمدىكى گەپنى دەۋەتتىم.

— مۇھەببىتىم سېنىڭ بولسۇن زۇلال! ... ئەسلا باشقىلارنىڭ بولغان ئەمەس... ھېچقاچان بولمايدۇ!

بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ، ئىچىكى دۇنيايىمىزنىڭ ئىللىق تەپتىدىن ھاسىل بولغان، ئىزھار قىلىشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان بىرخىل بەختىيارلىق ئىلكىگە چۆمدۇق.

دېڭىز شامىلى كۈچىيىپ، تۈن خېلىلا سۈرۈنلىشىپ قالغانىدى. ساھىلغا ئۇرۇلۇۋاتقان يېنىك دولقۇنلار بۇ جىمجىتلىققا مۇڭلۇق ئاھاڭ بەرگەنىدى. يان تەرەپتىكى ئېگىز دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان كېچە قۇشلىرى سايرىشىۋاتاتتى...

ئىچكىرىدىن ئاڭلانغان تام سائەتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى سائەت ئون ئىككى بولغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

زۇلال قولۇمنى قويۇپ بېرىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— كۈندۈز قېيىن ئىگىچەمگە بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مېھمان بولۇپ بارماقچى بولغانلىقىمىز توغرۇلۇق تېلېفون بەرگەنىدىم. ئۇلار بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ قورۇققا كېتىپتۇ...

يازنى داچىدا ئۆتكۈزىدىكەن... لېكىن نامىق بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتمىغانىدى ـــ... دېدى.

ـــ ۋاقتى يەتمىگەندۇ! ـــ دېدىم كۆلۈپ.

ـــ بەلكى! ـــ دېدى ئۇ مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 17

ئۇن كۈندىن بېرى ساھىلىدىكى داچىدا يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن! زۇلال قورۇقتا! ھامىنى بىلەن پەقەت تاماقتىلا بىللە بولىمىز، باشقا ۋاقىتلىرىم ھۇجرامدا ۋە باغچىدا ئۆتىدۇ...

ئېيۇل ئايلىرى، قانداقتۇ بىر روھىي بېسىم مېنى ئاۋارە قىلماقتا. يا ئىشلىگۇم، يا ئويناپ كۈلگۈم كەلمەيدۇ، گېلىمدىن. مۇ بىرنەرسە ئۆتمەيدۇ...

نامىق بىلەن ئېلىشىش قارارىمدىن ۋاز كەچتىم، ئارىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا، ئۇ ئىشتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ تېخىمۇ كۆلكىگە قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق - دە!

زۇلالدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم، قورۇقتا زېرىككەنلىكىنى، مېنىڭ بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلىپتۇ:

*... بۇ يەردە كۈنلەرمۇ، تۈنلەرمۇ بەك ئۇزۇن! ... ئەتراپىمدا بىر جەننەت مەنزىرىسى بولسىمۇ، يىراق پۈتۈن گۈزەللىكلەر ماڭا كۆڭۈل-سىز كۆرۈنىدۇ... ئەرۋاھمۇ مېنى سېغىنىدى... دەرھال كېلىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن.*

*نامىق تۆت كېچە بولدى، ئۆيدە ئەمەس... (تۇگىمەس - پۈتمەس) ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاۋارە! ئۇ مېنىڭ بۇ يەردە بورۇختۇرۇم بولۇپ تۇرۇۋشۇمدىن رازىكى، ھەرگىز كېتىشىم تەرەپدارى ئەمەس. سېنى ئۇنىڭ مەيلىگە قۇربان قىلما! تېز كەل! ؟ ۋزالىرىم يولدا!»*

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ دەرھال تەييارلىق كۆردۈم. ھام-
مام ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ:
— سەنمۇ كېتىپ ئۇ يەرە قالمىغىن يەنە! — دېدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ۋەدە بەردىم:
— خاتىرجەم بولۇڭ ھاما، ئەتە بۇ چاغدا جەزمەن بۇ يەردە بولىمىز!

## 18

زۇلال مېنى قورۇقنىڭ بېغىدا كۈتۈۋالدى، چۈش ۋاقتى ئىدى. پۈتۈن ئائىلە شىپاڭدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ خوش بولۇشۇپ كەتتى، ئەرۇل بوينۇمغا ئېسىلىۋالدى. باشقىلار ئەتراپىمغا ئولاشتى. ئىستانبۇل، بوغاز ئىچى، ساھىل ۋە ھامام قاتارلىقلارنى سوراشتى.

زۇلال كەم سۆز بولۇپ قالغاندى. ئەندىشە بىلەن كۆزلىرىگە قارىدىم. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قارا كۆزىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان مەنىلەرنى كۆردۈم.

تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتتۇق.

زۇلالنىڭ كەچقۇرۇن يولغا چىققۇسى بار ئىدى، لېكىن قېيىن ئىگىچىسى قويۇپ بەرمىدى، بىزمۇ رەت قىلالمىدۇق.

مېنى ئايرىم ھۇجرىغا تەكلىپ قىلىشتى، ئۇيقۇم يوق ئىدى. لېكىن، دەم ئېلىشىم كېرەك بولغاچقا بىر ئاز ئۇزىلىۋالدىم. كونا يېڭى خاتىرىلەر كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

تۇرمۇش نېمىدېگەن قىزىق! ئۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئاجايىپ ۋەقەرلەر بىلەن تولغان!... ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن قايغۇلۇق كۈنلەرنى ئەسلىدىم. بۈگۈن بۇ يەردە يەنە قايغۇلۇق، لېكىن باشقىچە شارائىتتا تۇرغانلىقىمنى ئويلىماقتى-

مەن.
زۇلالنىڭ پۇشايمىنى، خاپىلىقى، ئەرز - ھالى مېنى زادى ھەيران قىلمايتتى، مەن بۇ كۈنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلەتتىم.
مەن ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى، ئارقىدىنلا زۇلال كىرىپ كەلدى.
— يۇر نىجات، باغچىغا چىقايلى! — دېدى ئۇ.
ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى.
— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن.
— ياق!
— نېمىشقا تاتىرىپ كەتتىڭ!
— ئۇخلىيالمىدىم! ··· ئىچىم پۇشۇپ كەتتى! ···
ئۇ ئىشىككە يۆلەنگەن ھالدا ماڭا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.
— بۇ يەردە يەنە بىر كۈن تۇرۇش مەن ئۈچۈن ئازاب، — دېدى ئۇ، — بۇ قورۇقتىن زېرىكتىم! بۈگۈن كەتسەك ناھايىتى ياخشى بولاتتى!
ئۇنىڭ يېنىغا باردىم ۋە يېقىملىق نەزىرىم بىلەن چىرايىغا قاراپ:
— خاپا بولما! — دېدىم.
ئۇ قولۇمنى يۇمشاققىنە تۇتۇپ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قالدى.

## 19

قورۇقتىن قايتىپ كەلگىلى يىگىرمە كۈن بولدى. ئىسسىق داۋاملاشماقتا. ھەر كۈنى دېڭىزغا چۆمۈلىمەن··· بەزىدە زۇلالمۇ

يىغلاتقان بىر قورۇنۇش بار… بىر ـ بىرىمىزگە يېقىنلىشىشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. گويا بىر خەۋپتىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك دىلغۇل يۈرىمىز… بۇ قانداق خەۋپ، نېمىشقا شۇنداق يۈرىمىز؟ مانا بۇلار مېنى تېخىمۇ تىت ـ تىت قىلاتتى… شۇنداق، مەن نېمىنى كۈتۈپ تۇرىمەن؟

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا زۇلال بىلەن نامىق قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى… يېرىم كېچىدە ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق ئىدى، بالكونغا چىقتىم، دېڭىز تەرەپتىكى ئۇچۇق دېرىزىلەردىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم…

— مېنىڭ ئىشلىرىمغا ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىدىغان ھەققى يوق! كىچىك بالا ئەمەسمەن، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. سەن بۇ شىكايەتلىرىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولىسەن؟ نېمەڭگە بۇنچىلا يوغانچىلىق قىلىسەن؟ — دەيتتى نامىق.

زۇلالنىڭ ئاۋازى بوش چىققانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە سۆزىلا قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ساڭا ھېچقايسىمىزنىڭ كېرىكى يوق. مەنمۇ كېرەك ئەمەس، بالاڭمۇ كېرەك ئەمەس، غەرىزىڭ شۇغۇ!…

زۇلال ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. چىداپ تۇرالماي ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن بېرى نامىق بۇ يەردە كۆرۈنمىدى!.

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ئالدىنقى كۈنى چەنگەيكۆل-دىن نامىقنىڭ ھەدىسى رەيھان خانىم تېلېفون بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ قورۇقتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە بىزنى ئالدىمىزدىكى يەكشەن-بە كۈنى كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. تۈنۈگۈن زۇلال بىلەن بىللە ئۇلارنىڭكىگە باردۇق. ئەرۇلنى ھامىمام ئېلىپ قالدى.

كەچكىچە نامىقنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە بولدۇق. كۆي-ئوغۇل بولغۇچى ناھايىتى مېھماندوست كىشى ئىكەن. ئانىسىمۇ

ئوغۇل بولغۇچى ناھايىتى مېھماندوست كىشى ئىكەن. ئىنىسىمۇ زۇلالغا ناھايىتى قىزغىن خېرىدارلىق قىلدى، رەيھان خانىم بولسا تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

كەچقۇرۇن قايتىشقا ئىجازەت سورىدۇق. ئۇلار بىزنى تاماققا چىلاپ تۇتتى. لېكىن زۇلال ئەرۇلنى باھانە قىلدى، مەنمۇ بۇ كېچە بىر دوستۇمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم، شۇنداق قىلىپ ئۇزاپ قايتتۇق.

كۈن يېڭىلا ئولتۇرغان، جىمجىت ۋە ساپ ھاۋالىق بىر ئاخشام ئىدى. پورتقا كېتىۋاتقاندا، زۇلال كەينىمىزدىكى تۆپىلىكلەردە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئاينى كۆرسىتىپ:

— قارا نېمىدېگەن گۈزەل! — دېدى.

يانمۇ يان تۇرۇپ بىر ھازاغىچە بۇ گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلدۇق.

بىردىن كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېلىپ:

— زۇلال، — دېدىم، — ئاشۇ تۆپىلىكتىكى داچىلارنىڭ بىرىدە مېنىڭ بىر كونا ساۋاقدىشىم بار، خالىساڭ بۇ گۈزەل كېچىنى تاماشا قىلغاچ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەيلى، قانداق؟

زۇلال سائىتىگە قاراپ:

— مەيلى، ئۆزۈڭ بىل! ··· — دېدى.

پورتتىكى قەھۋەخانىلاردىن بىرىگە كىرىپ ئازراق بىر نەرسە يەۋالدۇق.

قاراڭغۇ چۈشۈپ ئاي كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى.

كۆلبېشى كوچىسىدىن دۆڭگە قاراپ ماڭدۇق. زۇلال بىلىنمىگە ئېسىلىۋالغانىدى. ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە شۇ ھەسرەت ـ نادامەت ئەلەڭگۈسى بىلىنىپ تۇراتتى. يولىمىز يوپيورۇق، ئەتراپىمىز قارىسا ـ قارىسا كۆز تويمايدىغان باز كېچىسىنىڭ مەنزىرىسى، يىراقلاردا باغچىلار قويۇق چايرەڭ

كۆلەڭگۆلەرگە پۈركەنگەن، داچىلار سىھىرلىك جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇخلىماقتا.

پىستەزارلىقتىن ئۆتۈپ كونا سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولغا چۈشتۇق. بۇ يول سەل ئېلىپ كەتكەن سايغا ئۇخشايتتى.

ئوڭ تەرىپىمىزدە چوڭ بىر باغنىڭ تاملىرى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. دەل - دەرەخلەرنىڭ يولغا چۈشۈپ تۇرغان كۆلەڭگۆلىرى سىياھدەك قاپقارا كۆرۈنەتتى.

سول تەرەپتىكى بىر نەچچە ئۆيلەرنىڭ بىرىدە رادىئو ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— تېخى يېتىپ كەلمىدۇقمۇ؟ — دېدى زۇلال.

— كەلدۇق! ئەنە ئاۋۇ دوقمۇشتىكى ئۆي!

دەرۋازىنىڭ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باستىم، ھايال ئۆتمەيلا بىر قىزچاق چىقتى.

— ئۆمەر بەگ بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم قىزچاقتىن.

— ياق، بەگ ئەپەندى، ئاكام بايىراق چىقىپ كەتكەن...

— ھە! بوپتۇ... بۈيۈكدەرەدىن نىجات كەپتۇ دەپ قويارسىز... مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ!

قىزچاق دەرۋازىنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. بىر پەس ئارىسالدى بولۇپ قالدۇق، كېيىن ئاستاغىنە:

— يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلىمۇ؟ — دېدىم.

— قاياققا؟

— ئاۋۇ دۆڭلۈككە... ئۇ يەر تېخىمۇ ئايدىڭ، خۇددى كۈندۈزدەك!

— قايتساق بولارمىكىن، نىجات!

— قورقۇۋاتامسەن؟

— ياق!

زۇلالنى قولتۇقلىۋالدىم، گەپ - سۆز قىلمىشماي ئاستا

مېڭىپ، دۆڭنىڭ چوققىسىدا پۈتمىگەن بىر قۇرۇلۇشنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى.

تەبىئەت شۇ قەدەر سېھىرلىك ئىدى، ئاي يوغان پانۇستەك يەر يۈزىگە كۆمۈش رەڭ نۇرلىرىنى سېپەتتى.

بۇ خىلۋەت ماكاندا، ئەنە شۇ تاغلار ئارىسىدا، ئايدىڭ كېچىدە ئىككىمىز تەنها ئىدۇق!

ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتكۈم كەلدى ـ دە، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— قىزىق ئىش! — دېدىم، — باللارغا ئوخشاپ قالدۇق... قولنى قولغا تۇتىشىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمىزنى قارىمامدىغان!

زۇلالىنىڭ ئاۋازى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ چىقاتتى.

— شۇنداق! — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئالەم!

مەن هازىر ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەۋاتىمەن... ئۇ نېمىدېگەن غەم - قايغۇسىز ۋە بەختلىك هايات! يىللار ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە ئىنساپسىز! ئىككىلىمىز ئۈچۈن شۇنداق ئەمەسمۇ، نىجات!

— بەلكى!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— بىر نەرسە يادىمغا كېلىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن.

— نېمە يادىڭغا كەلدى؟

مەن كۈلۈۋەتتىم، لېكىن ئىچىمنى قاتتىق بىر دەرد ئازابلايتتى.

— پروۋانىسلىق كىچىك چوپان، — دېدىم.

— قايسى چوپاننى دەۋاتىسەن؟

— بىر هېكايىنىڭ قەھرىمانى!

— سەن يازغان هېكايىڭمۇ؟

— ياق! ... ئالپونسىدا ئۇدېتنىڭ «تۈگمىنىمدىن مەك-

تۇپلار»ناملىق ئەسەرلىرىدىكى «يۇلتۇزلار» دېگەن ھېكايىسى.

— سۆزلەپ بەرمەمسەن؟...

— خالىساڭ سۆزلەپ بېرىمەن...

مانا بۇ زۇلالغا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنىڭ قىسقارتىلمىسى:

«پادىسى بىلەن ئېتىدىن باشقا ھېچقانداق دوستى بولمىغان پىروۋانىسلىق كىچىك چوپان ئۇ ھەپتىدىن - بۇ ھەپتىگىچە شەھەردىن يىراق لۇبېرون تاغلىقىدىكى مەرئا يايلىقىدا قوي باقىدىكەن... ئاندا - ساندا گىياھ دورا ئىزدەپ كېلىدىغان ماناخ بىلەن پرېمونت خېڭىدىكى يۈزلىرى قاپقارا بىر نەچچە كۆمۈرچىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەيدىكەن، پەقەت ئون بەش كۈندە بىر قېتىم قورۇقنىڭ كىچىك بايۋەچچىسى ياكى قېرى نورادى يەڭگە ئۇنىڭغا ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، چوپان ئۇلاردىن شەھەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۇقۇپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ قىزىقىدىغىنى خوجايىنىنىڭ گۈزەل قىزى ستېپانېت ئىكەن.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئون بەش كۈنلۈك ئوزۇقى كېچىكىپ قاپتۇ. ئاۋۋال بۈنى ئۇلۇغ قودداس بايرىمى[1] سەۋەبلىك دەپ قاراپتۇ، چۈشكە يېقىن قاتتىق يامغۇر ياغقانىكەن، يامغۇردا يولغا چىقالمىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ.

ئاخىرى قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بىراق كەلگۈچى كىچىك بايۋەچچە ياكى نورادى يەڭگە بولماي، تاغ شاملى ۋە يامغۇرنىڭ سوغۇقىدىن مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن گۈزەل ماتمازېل ستېپانېت ئىكەن.

چوپان ھەيرانلىق ئىچىدە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ! ئىنتايىن بىر مەغرۇر ھەتتا خىزمەتكارلىرى بىلەنمۇ گەپ - سۆز قىلىشمايدىغان ماتمازېلنىڭ ئۆزى يوقلاپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەي قاپتۇ... كىچىك بايۋەچچە كېسەل بولۇپ قاپتىمىش، نورادى

---

[1] خرىستىئان دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ دىنىي بايرىمى.

يەڭگىنىڭمۇ ئۆزرىسى بارمىش.

قىزچاق ئەتراپقا قىزىقىپ قاراپتۇ... ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئېغىلغا كىرىپتۇ. چوپاننىڭ ياتقان يېرى، ئۆي بېساتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپتۇ. ئۇ چوپاننىڭ شۇنچە يىراق يەردە تەنھا ياشايدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز نېمە قىلىدىغانلىقى ۋە نېمە ئويلايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. كېيىن، ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قاي-تىپ كېتىپتۇ.

بىچارە چوپان ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ كۆن ئولتۇرغۇچە مىدىرلىماي تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قاپتۇ.

گۇگۇم چۈشۈپ قويلار ئېغىلغا كىرىشكە ئالدىراپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنى بىرى چاقىرىپتۇ، تىڭشىسا ستېپانېت ئىكەن، ئەسلى-دە تاغنىڭ ئېتىكىدىكى دەرياغا سەل كېلىپ كەتكەچكە ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەنىكەن.

چوپان ئۇلۇغ گۇلخان يېقىپ ئۇنى ئىسسىندۇرۇپتۇ، تامىقى-غا قۇرۇت - ماي ئەكېلىپتۇ. بىراق، قىزچاق بۇلارغا قاراپمۇ قويماپتۇ، ئائىلىسىنىڭ ئەندىشە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يىغلاپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، چوپان قىزچاققا ئېغىلدىكى سامان ئۈس-تىگە بىر تېرىنى سېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا خەيرلىك كېچە تىلىگەن-دىن كېيىن ئۆزى ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ...

چوپاننىڭ يۈرىكىگە ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشسىمۇ، لېكىن كۆڭلىگە ھېچقانداق يامان نىيەت كەلمەپتۇ. خوجايىنىنىڭ ئاززۇ-لۇق قىزىنىڭ بۇ كېچە ئۆزىگە ئامانەت بولۇپ قونۇپ قالغىنىنى ئويلاپ، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپتۇ...

ئۇزۇن ئۆتمەي ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ستېپانېت چى-قىپتۇ. ئۇ ئۇخلىيالماي ئوت سۇنغۇسى كەپتۇ.

چوپان ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئۆچكە تېرىسىنى يېپىپ قويۇپ ئوتنى ئۇلغايتىپتۇ ۋە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمدى كېچى-

نىڭ سېھىرلىك ئالىمى باشلىنىپتۇ. بۇ ئالەمنى ئاپتور شۇنداق يازىدۇ: ئەگەر يۇلتۇزلارنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ گۈزەل كېچىلەرنى ئۆتكۈزسىڭىز، ئوخلىغان ۋاقتىڭىزدا تەنھالىق ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە سېھىرلىك بىر ئالەمنىڭ ئويغانغانلىقىنى بىلىسىز. ئۇ چاغدا بۇلاقلار تېخىمۇ جاراڭلىق ئاۋازلار بىلەن شارقىرايدۇ، كۆللەردە يالقۇنلار يانىدۇ، تاغلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرىدۇ، دەل - دەرەخلەرنىڭ چوڭىيىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇسۇشىگە ئوخشاش ھالەتلەردىنمۇ ئاجايىپ ئاۋازلار كېلىدۇ. كۈندۈز جانلىقلارنىڭ، كېچە جانسىز نەرسىلەرنىڭ دۇنياسىدۇر، بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر قورقۇپ كېتىدۇ… ستېپانېتمۇ تىترەپ سەللا گۈلدۈر - تاراق بولسا چوپانغا چاپلىشىۋالىدىكەن، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ بېشىدا بىر يۇلتۇز ئېقىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۆۋەندىكى كۆلدىن قايغۇلۇق داد - پەرياد كۆتۈرۈلۈپتۇ. قىزچاق چوپاندىن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپتىكەن، چـوپان ئۇنىڭغـا ئـاسماندىكى يۇلتۇزلار ئالىمىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ…

قىزچاق چوپاننىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چوپان بۇ ئايدىڭ كېچىنىڭ مۇقەددەس ھىمايىسىدە تاڭ سۈزۈلۈپ، يۇلتۇزلار تارقالغۇچە قىزنىڭ ئۇخلىشىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ…

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆزدىن غايىب بولۇشقا باشلاپتۇ…»

زۇلال بۇ ھېكايىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۈگۈنكى ئايدىڭ كېچە چوپاننىڭ شۇ بەختلىك كېچىسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى مۇمكىن! بىراق، بۇ ئاددىي بالىنىڭ ھاياتى ۋە ھېسسىياتى بىلەن بىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىمىز بارلىقىنى چۈشىنەلمىدىم، نىجات! — دېدى.

— مەن چۈشەندۈرۈپ قوياي: بۇ مەغرۇر ستېپانېت كۈن-

لەرنىڭ بىرىدە ھەشەمەتلىك توي قىلىپ بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن چوپان بىلەن مۇشۇنداق بىر كېچىدە يالغۇز ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا: «ئۆتكەن كۈنلەر نېمىدېگەن غەم - قايغۇسىز ۋە بەختلىك ئىدى! يۇلتۇزلار ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە ئىنساپسىز ئەمەسمۇ چوپان؟» دېسە چوپان ئەلۋەتتە جىم بولۇپ قالىدۇ... چۈنكى ئۇ غەم - قايغۇسىز، ۋە بەختلىك بىر كۈن ئۆتكۈزگەن ئەمەس!...

زۇلال دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندى. قولىنى تىزىمدا تۇرغان قولۇمنىڭ ئۇستىگە قويۇپ:

— ئۆزۈڭنى بىر ئاددىي چوپان بىلەن سېلىشتۇرساڭ بولمايدۇ، نىجات! مەنمۇ ستېپانېتتەك مەغرۇر ئەمەسمەن! — دېدى.

— بەلكىم بۇگۈن شۇنداقتۇ! ... بىراق بىز ئۆتكەنكى كۈنلىرىمىز توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىمىز!

ئۇ جاۋاب قايتۇرماي، ئالدىغا قارىغىنىچە ئويغا چۆمدى.

مەن پەس ئاۋازدا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— چوپان ھېچنەرسىگە ھەسرەت قىلمايدۇ، زۇلال! ئۆلۈش ئۇچۇن يارىتىلغانلىقىنى بىلگەن كىشى قەيسەر بولۇشى كېرەك!

زۇلال كۇلۇمسىرەپ بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ:

— سۆيۈملۈك چوپانىم... نېمىدېگەن ياخشى ئادەمسەن! — دېدى.

— بۇگۈن كېچە چۈشىمىزدىكى جەننەتمۇ نېمە زۇلال؟ بۇ چۈشىمىز بۇزۇلۇپ كېتەرمۇ؟

......

— گەپ قىلمايسەنغۇ! سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بۇ چۈشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمامسەن نېمە؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يېقىملىق قاراپ.

— سورىما، مەندىن ھېچنەرسىنى سورىما! كۆزلىرىمگىمۇ بۇنداق تىكىلىپ قارىما! — دېدى ئۇ تەبەسسۇم بىلەن.
— كۆزلىرىڭدە يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىۋاتىمەن .. ئاسماندىكى پۈتۈن يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ئىچىدە پارلاۋاتىدۇ...
قەلبىمگە تولغان ھاياجان شۇنچىلىك كۈچلۈككى، تىلىمگەپكە كەلمەي قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ: «ياق! بۇ كېچە تاڭ ئاتمىسۇن! بۇ يۇلتۇزلار زادى ئۆچمىسۇن!» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.
ئۇ سۆزلىرىمگە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن قولاق سالغاچ ئاسمانغا قارىدى ۋە:
— ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئازراق...
— ئۇنداق بولسا ئېيتىپ باققىنا!
— ئەمما، چوپاندەك سانىيالمايمەن.
— قېنى ئېيتقىنا، ئاۋۇ يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئىسمى نېمە؟
— پادىچى يۇلتۇز...
— ئاستىدىكىلەرچۇ؟
— ئۇلار نېپتون، ئوران دېگەن يۇلتۇزلار، ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.
— ھە، ئاۋۇ ئاسماننىڭ چېتىدە ھەممىدىن ئېگىز كۆرۈنگەنلەر قايسى يۇلتۇزلار؟
— ئۈكەر يۇلتۇز توپلىمى... بۇ تەرەپتە پارلاپ تۇرغان ساتورىن يۇلتۇزى...
— ئاۋۇ سانسىز يۇلتۇزلاردىن ھاسىل بولغان كەڭ بەلۋاغچۇ؟
— سامانيولى! ... چوپاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنى گالىچيالىق سەنجاڭ جازائىر ۋە ئاندالوزىيىلىك ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشقان ئۇلۇغ شارلمانغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن بەلگە قىلغان.

مىش.

— بۇ سامانيولى قەيەرگىچە بارىدۇ؟

— شۇنداق بىر يۇرتقىچە بارىدۇكى، ئۇ يەردە پەقەت بەختلا بار. بىزمۇ شۇ يەرگە كېتەيلىمۇ زۇلال؟

ئۇ گەپنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرگەنلىكىنى سېزىپ كەينىگە داجىماقچى بولدى.

— بۇ سەپەرنى كېچىكتۈردۇق، چوپانىم! قارا، ئۇ نېمىدېگەن يىراقتا! ئەمدى ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيمىز!...

— بۇ ساڭا باغلىق، زۇلال!

— نېمە؟ دېمەك ئەمدى ئېتىراپ قىلدىڭمۇ؟

ئاۋازىم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندى، ئۇنىنى ئاران چىقىرىپ:

— شۇنداق! ئەمدى چوڭ گۇناھنى يوشۇرالمايمەن. سېنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆررەتتىم، ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن... داۋاملىق شۇنداق، زۇلال! — دېدىم.

شۇئان ھەممىنى ئۇنتۇپ، زۇلالنى باغرىمغا چىڭ باستىم، يۈرىكىم يۈرىكىنىڭ ئۈستىدە سوقاتتى، مەڭزىدىكى ئاتەش يۈزلىرىمنى ئۆرتەيتتى.

بۇ بىر پەسىللىك چۈش ياكى تەسەۋۋۇر ئەمەس، ئەلۋەتتە. دىماغلىرىمغا مەھلىيا قىلغۇچى خۇش پۇراقلار ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ يۈمران ۋە ئىللىق ۋۇجۇدى باغرىمدا شىددەتلىك ۋولقان بولۇپ ياناتتى.

زۇلال ماڭا مەنىلىك قاراپ، تۇتۇق ئاۋاز بىلەن:

— نىجات، بۇ بالىلىقمۇ! — دېدى.

— بەلكىم بالىلىقتۇر، لېكىن ھەقىقىي بەخت! — دېدىم مەن.

— ئۇنتۇمىغىنىكى...

— بولدى ئۇ گەپلەرنى ئۆرۈمە! چۈشۈمنى بۇزما!

— قايتايلى، نىجات!

— قايتىمىز!

لەۋلىرىم ئۇنىڭ چېكىلىرىدىكى قويۇق چاچلىرىغا تەگدى. شۇئان يۈزىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ:

— ماڭا قىلغان پۈتۈن ئەلەملىرىڭنى، بۈگۈن بەخش ئەتكەن بەخت - سائادىتىڭ يۈزىسىدىن كەچۈرىمەن — دېدىم.

— مېنى بۇرۇنلا كەچۈرگەنلىكىڭنى بىلىمەن، نىجات!

— شۇنداق، بىراق كۆڭلۈم ھەسرەتلىرىڭدىن ھېچقاچان بۈنچىلىك خالاس بولمىغان!

— بىچارە سۆيۈملۈكۈم!

زۇلال سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، لەۋلىرىمىز ئوتلۇق سۆيۈشۈشلەر بىلەن جۈپلەشتى...

گويا يۈرەك - باغرىمنى داغلىغان ۋولقان ئاتەشتەك لاۋلىرىدىنى سىرتقا تېپىپ ياشلىقىمنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى يۇيۇپ كېتىدىغاندەك روھىمدا باشقىچە بىر كۈرەش پەيدا بولدى.

كۆڭلۈم خارابىلىرىدا لالە - رەيھانلار ئېچىلغاندەك خۇشاللىققا چۆمدۈم.

بۇ سۆيۈشۈش ھېچقاچانقىغا ئوخشاشمايتتى، ئىككىمىز لەۋلىرىمىزدىن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزغا تارالغان ھارارەتتە گويا ئېرىپ يەر يۈزىدىن غايىب بولغاندۇق.

كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، ئالدىمدا پايانسىز يۇلتۇزلۇق ئالەم زاھىر بولدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە زۇلالنىڭ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك سولغۇن چىرايى ۋە يۇمۇلغان كۆزلىرىنى كۆردۈم. ئۇ خۇددى ئۇيقۇغا كەتكەندەك مەيلىنى ماڭا تاشلىۋەتكەندى.

بىر ھازادىن كېيىن زۇلال كۆزىنى ئاچتى، ئىككىيلەن بىر - بىرىمىزدىن كۆز ئۈزمەي قارىشىپ تۇردۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نە بىر شىكايەت، نە بىر غەزەپ كۆرۈنمەيتتى. زۇلال

قاتتىق ئۈيقۇدىن چۆشەكىگەندەك:
— قايتايلى نىجات! — دېدى.
— سامانيولى ئەجەبمۇ يورۇق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەنمۇ ئىختىيارسىزلا.
— قايتايلى... چاپسان قايتايلى!...
زۇلال قۇچىقىمدىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ:
— كەچ قالدۇق، نىجات... پاراخوت كېتىپ قالدۇ! — دېدى.
ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم، بېشىمنى يەردىن كۆتۈرمەي، ھاياجاندىن تىترىگەن ئاۋازىم بىلەن:
— يەنە بىردەم تۇرايلى! — دېدىم.
— بولمايدۇ نىجات، پاراخوت مېڭىشقا ئون مىنۇت قالدى...
كۆمۈش رەڭ ئايدىڭلىقتا چۆمگەن چىغىر يولدا گويا بىرى كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ پاراخوتقا چۈشتۇق.
بوغاز كۆۋرۈكىگىچە كېلىپ ئۇ يەردىن باشقا پاراخوتقا ئالمىشىپ بۇيۇكدەرەگە كەلدۇق.
ساھىلدىكى داچا چوڭقۇر ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى. ئۇدۇل ھۇجرامغا چىقتىم. دېرىزىلەر يېپىقلىق بولغاچقا ھۇجرىنىڭ ئىچى تىنجىق ئىدى. ھەممە دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتىم، ئاندىن يېشىنىپ باش - كۆزۈمنى سوغۇق سۇدا يۇيساممۇ ئىچىمدىكى ھارارەت تېخىچە بېسىلمىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىقىلاتتى.
كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلالمىدىم. تەلۋىلەرچە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بۇ كېچە ھەقىقەتەن بىر چۈشتەك ئۇنتۇلۇپ كېتىشى، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

زۇلالدىن ئۆزرە تىلىشىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغانلىقىمنى، بۇ ئىشنى تامامەن ئۇنتۇشنى ۋە مېنىڭمۇ ئۇنتۇيدىغانلىقىمنى ئېيتىشىم كېرەك ئىدى...

سائەتلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە، بىراق ئۇيقۇم كەلمىدى. بىر نەچچە قېتىم دالانغا چىقتىم. بالكوننىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدىم. بۇ كېچە زۇلال-نىڭ ھۇجرىسىدىكى چىراغمۇ زادى ئۆچمىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭ مېڭىپ يۈرگىنىنى تۇيۇپ تۇراتتىم.

نېمىدېگەن زېرىكەرلىك كېچە بۇ، خۇدايىم!...

ئاخىر ئۇيۇق سوزۇلۇشكە باشلىدى. بېشىم ئېغىرلىشىپ، كۆزلىرىم ئېچىشقىلى تۇردى. ئازراق كۆز يۇمۇۋېلىشقا ئۆزۈمنى زورلىدىم. كاللامدا يۇلتۇزلۇق ئالەم تولۇق گەۋدىلىنەتتى. پاياد-سىز بوشلۇقتا جىلۋىلىنىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلاردىن ھاسىل بولغان «سامانيولى» سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بىر ھازاغىچە زۇلالنىڭ «بۇ سەپەرنى كېچىكتۇردۇق، چوپا-نىم! ... ئەمدى ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيمىز!» دېگىنىنى ئويلاپ كەت-تىم...

كۆزۈمنى ئاچسام قۇياش خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ.

بۈگۈن ۋەزىپە بار ئىدى، ئاخشامقى ۋەدىنى كېچىكتۇرمەي ئورۇندىشىم كېرەك. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئال-دىغا باردىم، دېڭىزنىڭ يېنىك داۋالغۇپ تۇرغان يۈزىدە قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرلىرى جىلۋىلىنەتتى. قارشى تەرەپتىكى ساھىل قۇياش ھارارىتىدىن دېرەك بېرىدىغان شالاڭ بۇلۇتلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغانىدى.

تۆۋەنگە قارىسام ساھىل كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە ھامام بىر مېھمىنى بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئەرۇل سەل نېرىدا ئويناۋېتىپتۇ.

ھۇجرىدىن چىقىۋېتىپ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرگۈزۈ ۋېتىلگەن بىر كونۋېرتنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم، ئاستا بېرى-

دېگەن خەت تۇرۇپتۇ، بۇ زۇلالنىڭ پۈچۈركىسى ئىدى، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ كەتتى. خەتنى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم.

ئاخىر، تىترىگەن قوللىرىم بىلەن كونۋېرتنى يىرتتىم. تۆت بەتنى تولدۇرۇپ يازغان بۇ خەت ماڭا گويا ئاپەتنىڭ خەۋەرچىسى بولغان قارا بۇلۇتلاردەك قورقۇنچلۇق كۆرۈلدى.

دېرىزىنىڭ ئالدىدىكى سافاغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە ھاياجاندىن بوغۇلۇپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇدۇم:

*«نىجات!*

*سەن بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ۋە تۇرمۇشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىشنى خالايمەن. بىراق شۇنداق روھسىزمەن-كى، بۇ قىيىن ئىشنى يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ ئېيتالمايدىغانلىقىم ئۆ-زۈمگە ئايان. ئۆزۈڭ ئويلىنىشتىن كېيىن ساڭا بۇ مەكتۇپنى يېزىش قارارىغا كەلدىم.*

*بەختسىزلىكىمىزنىڭ گۇناھكارى بار دېسە ئۇ مەن!... مەن ئەركە ئۆسكەن بىر قىز ئىدىم، نىجات!... ھەقىقىي مۇھەببەت، ھەقىقىي دوستلۇق ۋە ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىر قىز ئىدىم!... بۇ قىز ھەسرەت چەككەنلەرگە كۈلەتتى ھەتتا ئېچىنىشقا تېگىشلىك بولغانلارمۇ كۆپ چاغلاردا ئۇنىڭ ئويۇن-چۇقى بولۇپ قالاتتى... ھەممە نەرسىگە يۇقىرىدىن تۇرۇپ نەزەر سالىدىغان كۆزلىرى ھەممە نەرسىنى روشەن، كەمچىلىكسىز كۆرۈشنى خالايتتى. گۈزەل، نام ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن خۇشال بولاتتى.*

*بۇ قىزنىڭ قەلبى شۇنداق سەزگۈر ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى ئەركىلە-تىۋاتقان مۇھىتنىڭ ھاۋاسى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ھاياتنىڭ پۈتۈنلەي شاد-خۇرام ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى...*

*نىجات، سەن بۇ بەختۋاش ۋە ئەرزىمەس قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ... ئۇنىڭغا چىن قەلبىڭ بىلەن باغلاندىڭ... بولمىغۇر قىلىقلى-رىمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدى. ئۇ سېنىڭ پىداكارلىقلىرىڭغا كۈلسە، سەن ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى، پاك قەلبىڭنى، ياخشىلىقىڭنى چۈشەندۈرۈش-كە تىرىشتىڭ... بۇ تىرىشچانلىقىڭ شۈبھىسىز ئۇنى ناھايىتى يېقىن*

كۆرگەن ۋە قەلبىدىكى يوشۇرۇن خەزىنىنى بايقىغانلىقىڭدىن ئىدى.

مەن ھەممىنى بىلىپ تۇراتتىم... لېكىن بىر تەرەپتىن ئەتەي سېنىڭ روھىڭنى چۈشۈرۈش، زېتىڭغا تېگىشكە ئامراق ئىدىم، يەنە بىر تەرەپتىن كاللامدىكى ئارزۇلىرىمدىن ۋاز كېچەلمەيتتىم.

ئەلىيىم مېنى ئۇ ئارزۇلىرىمغا يەتكۈزۈشتە كېچىكمىدى... بىراق، مەن ئۇنىڭدىن يالتىيىپ ساڭا مايىل بولۇشقا باشلىدىم... ھېسسىياتلىرىمنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى دەسلەپتە چۈشىنەلمىدىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مېنى بۇرۇنقى ھاياتىمدىن ئايرىماقچى بولغان يات بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغان ھەتتا تويىنىڭ كېچىكىشىنى خالاپ قالغاندىم.

ئارىمىزدا ھېلىقى قورقۇنچلۇق تاكاللىشىشلار ئۆتكەن كېچىگىچە مانا شۇ مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىچىدە ياشىدىم. بىراق ئۇ كېچە... ئىچىمدىكى تۈگۈن پۈتۈنلەي يېشىلدى. سېنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تەن ئالدىم! بۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىش مېنى سارالڭ قىلىپ قوياي دېدى... بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا قەلبىم يارا ئىدى!...

يالغۇز بىرلا قۇتۇلۇش چارەم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئېرىمگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن باغلىنىش ۋە قەلبىمدىكى يارىنى ئۇنىڭ قولى بىلەن تېڭىش!... بۇ يارىنى سېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق قول تاڭالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟

تۇرمۇش ماڭا خاتالىقلىرىمنى تونۇتتى، ئېرىم سېنىڭ بوشلۇقىڭنى تولدۇرالمىدى... نىجات، سەن ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئادەمسەن... مەن سېنىڭ پەزىلەت ئىگىسىگە خاس ئاشۇ پاك ۋە ئېسىل روھىڭنى ياخشى كۆرەتتىم... ئالتە يىلدىن كېيىن ئالدىمغا باشقىچە بىر ئىنسان بولۇپ چىقتىڭ. بىراق مەن بۇ ئىنساننىڭ تېگىدە يەنە بۇرۇنقى نىجاتىمنىڭ بارلىقىنى بىلدىم.

سۆزنى ئۇزارتىشنىڭ ھاجىتى يوق... ئەگەر ماڭا ياردەم قىلساڭ، بىزنى قۇتقۇزىدىغان بىخەتەر يول تاپالايمىز دەپ قارايمەن ۋە قارارىڭنى كۈتىمەن.

زۇلال»

خۇشاللىقىمدا ۋارقىرىۋەتكۇم كەلگەن بولسىمۇ ئاغزىمنى ئا-
الماي بىر هازاغىچە تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپلا قالدىم، كېيىن
ۇتۇن ئىنجابىي ۋە سەلبىي ئېھتىماللارنى ئويلىدىم. ياق!... بىر
ائىلە قانچىلىك كۆڭۈلسىز بولسا بولسۇن، ئۇنى بۇزۇۋېتىشكە
ەقققىم يوق. بۇنداق شەخسىيەتچىلىك ۋە ۋىجدانسىزلىقنى قىلال-
مايمەن!

ئەرۇلنىڭ مەسۇم چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. بۇ
النى بەختىمىزنىڭ قۇربانى قىلىش كېرەكمۇ!

هەر ئىككىلىمىز بۇنداق بەڭۋاشلىقنقا بوي بەرمەسلىكىمىز
كېرەك، هەممە ئىش ئۆز پېتى قېلىۋەرسۇن!

قىسقىسى، مەن ئارىدىن چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردىم، هامام
ىچە ساھىل كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە مېھمىنى بىلەن مۇڭدىشىپ
ولتۇراتتى، ئەرۇلمۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئويناۋاتاتتى.

زۇلال مېھمانخانىدا بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ
الماسلىقىم كېرەك ئىدى. بىر باھانە بىلەن بىرنەچچە كۈن
اچىدىن يىراق تۇرۇشقا ھەتتا بۇ يەردىن باش ئېلىپ چىقىپ
ېتىشكە توغرا كېلەتتى.

مەن دەرھال كىيىندىم، مەكتۇپنى قويۇن يانچۇقۇمغا
سالدىم ـ دە، ھۇجرامدىن چىقتىم. ھېچكىمگە كۆرۈنمەي قاچ-
ماقچى ۋە كەچتە ھامامغا تېلېفون بېرىپ، بىرنەچچە كۈن بىر
وستۇمنىڭكىدە بولىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويماقچى بولدۇم.

باغچىغا چىقىپ، ئىتتىك كوچا دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدىم.
كەينىمدىن دېرىزە ئېچىلىپ ئەسۋەد قالغا:

— هەي، بايۋەچچە، تامىقىڭنى يېمەي نەگە ماڭدىڭ؟ —
دەپ ۋارقىرىدى. ئاڭلىماسلىققا سېلىپ دەرۋازىدىن يۈگۈرۈپ

چىقىپ كەتتىم. بىراق، كوچىغا چىقىپ كەينىمگە قاراپ زۇلال-نىڭ دەرەخلەر كەينىدىن ماڭا قاراپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە «نەگە؟» دېمەكچى بولغاندەك مەندىن كۆزىنى ئۈزمەستىن تۇراتتى.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىمدىن ئەنسىرەپ، ئىت-تىك ئالدىمغا قارىۋېلىپ مېڭىپ كەتتىم.

## 20

ساھىلدىكى داچىدىن چىقىپ كەتكەن ھەپتىنىڭ بىر كۈنى، توختىماي ياغقان يامغۇردا بىر نەچچە سائەت بىكار ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، بوغاز كۆۋرۈككە كەلدىم. پۈتۈن بىر ھەپتى-نى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. زۇلالغا يېزىپ قويغان ئۇزۇن مەكتۇپنى يوللىمىدىم، مېنى مۇخبىرلىق بىلەن فرانسى-يىگە ئەۋەتمەكچى بولغان بىر گېزىتخانا باشلىقىغا ئۇزۇل - كېسىل جاۋاب بېرەلمىدىم. بۇ تەكلىپ يىراقلارغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە ماڭا تازا ئوڭدىن كەلگەنىدى.

قانداق قىلىشىم كېرەك؟ داچىغا قايتىشنى تازا ئەپ كۆرمى-دىم... زۇلال بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇش دېگەنلىك ئىدى. بىراق، ھاممامچۇ! مېنى ئۆز بالىسىدەك بېقىپ قاتارغا قاتقان ۋە مەندە ئانىلىق ھەققى بولغان بۇ بىچارە ئايالنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇزۇن مۇد-دەت، ھەتتا مەڭگۈ ئايرىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئەنە شۇ چېگىش خىياللار ئىلكىدە بىرەر قارارغا كېلەلمى-دىم.

بۈيۈكدەرەنى بېسىپ ئۆتىدىغان پاراخوت قوزغىلاي دەپ قال-غانىدى، يولۇچىلار يېنىمدىن ئالدىرىشىپ ئۆتۈشەتتى. پاراخوت

خادىملىرىنىڭ ئاۋازلىرىمۇ جىددىيلەشكەندى.

توساتتىن كەينىمدە قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— پاراخوتقا چۈشمەكچى ئەمەسمۇ سەن؟ مېڭىپ كېتىدۇ! مەن دەرھال بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ئالدىمدا نامىق تۇراتتى، ئۇ تەنە ئارىلاش:

— ھاماڭغا تېلېفون بېرىپ، بىر نەچچە كۈن بىر دوستۇڭنىڭكىدە بولىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپتىكەنسەن ... مېھماندارچىلىقىڭ ئۈزۈراپ كەتتىغۇ! بىر ھەپتە بولدى ... بۇيۇكدەرەدىن پۇتۇنلەي كەتكەنىمدىڭ يا؟ كېسىلىمىز ئېغىر! ساھىلغا قايتىشىڭ كېرەك، نىجات!

— كىم ئاغرىپ قالدى؟

— زۇلال!

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— بىلمەيدىكەنسەن - دە؟ زۇلال ئالدىنقى كۈنى ھادىسىگە ئۇچراپتۇ. ساھىل كۆۋرۈكىدە ئايلىنىپ يۈرۈپتىكەن، سۇغا چۈشۈپ كېتىپ بېشى يارىلىنىپتۇ. دوختۇر چاتاق چىقىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر چاتاق چىقمىسا باشقا خەتەر يوق ئىكەن! ...

نامىق بۇ سۆزلەرنى گويا زۇلال ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئەمەس، يات بىر ئادەم ياكى دۈشمىنىدەك، سوغۇق ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قىياپەتتە ئېيتتى.

— تېگىشلىك تەدبىرلەر قوللىنىلدى، شۇنداقتىمۇ بەزىدە خىيالغا چۆمۈپ جۆيلۈگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىدۇ. بەزىدە ئېچىلىپ قالىدۇ، ئاپىسىغا ئېچىنىمەن.

— ئۆزىگىچۇ؟ بالاڭغىچۇ؟

— يەنە بىرنى ئۇنۇتتۇڭ.

— ئۆزۈڭنىمۇ!

— ياق! جۆيلۈپ ئىسمىنى چاقىرغان كىشى!

ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق چەكچەيگەن كۆزلىرى ماڭا مىختەك قادالغانىدى.

ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم. ئۇ قولۇمنى تارتىپ:

— چاپسان بول! ... پاراخوت قوزغىلىش سىگنالى بەردى، — دېدى.

— سەن... سەن قايتمامسەن؟ — دېدىم كېكەچلەپ.

— كېيىن بارىمەن... بىر ئاز ئىشىم بار...

پاراخوتقا چۈشۈشۈمگە ئارقان يېشىلدى. يامغۇر ۋە سوغۇقتىن قاچقان يولۇچىلار پاراخوتنىڭ ئىچىگە لىق تولۇپ كەتكەندى، مەن ئىلاجىسىز يان تەرەپتىكى ئوچۇق پېشايۋاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا دۈگدىيىپ تۇردۇم، لەمپىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلار ئاياغلىرىمغا چاچرايتتى. شامالدا چاچلىرىم چۇۋۇلۇپ كەتكەندى. ھۆل بولۇپ كېتىشىمۇ، مۇزلاپ كېتىشىمۇ خىيالىمغا كەلمىدى، مەيدەمنى ئېچىپ ئۆرتىلىپ ئاغرىۋاتقان كۆكسۈمنى شامالداتتىم. كاللام قالايمىقانلىشىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ دۇنيا قاپقاراڭغۇچىلىق ئىچىدە قالدى.

بۇيۇكدەرەگىچە شۇ ھالەتتە كەلدىم. پورتتا بەزى تونۇشلىرىم بار ئىدى. ئۇلار بىلەن سالاملىشىشتىنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئۇدۇل ساھىلغا قاراپ يول ئالدىم.

داچا باغچىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگىنىمدە قەلبىمدىكى ھارارەت ئۆزگىرىپ، نەپىسىم ئىتتىكلەپ كەتتى. ھاياجان ۋە قايغۇدىن تەرگە چۆمگەنىدىم.

باغچىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ داچا بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. گۇناھكاردەك قورقۇمسىراپ ئۆيگە كىردىم.

ھاممام دالاندا ئىكەن، مېنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى.

— يائاللا بايۋەچچە! نەلەردە يۈرىسەن؟

ھاممامنى قۇچاقلاپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۇم ۋە بوش ئاۋازدا:

— هامما زۇلال قانداقراق؟ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— خەۋىرىڭ بار ئىكەن - دە؟

— ھەئە! ... نامىقتىن ئۇقتۇم...

— بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى سورىما ئوغلۇم! — دېدى هاممام كۆز يېشى قىلىپ.

— يېنىغا كىرسەم بولامدۇ؟ — دېدىم چىشىمنى چىشلەپ.

— دېمىسىمۇ سېنى دەپلا ياتىدۇ!

پەلەمپەيدىن ئوقتەك تېزلىكتە چىقتىم، نەپىسىم سىقىلىپ، كۆكسۈمنى بىر نەرسە چىرمىۋالغاندەك بولاتتى.

ھۇجرىنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە سېكۇنت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاستاغىنە ئىتتەردىم. زۇلال كارىۋىتىدا ئاپئاق چايشاپلار ئارىسىدا بېشى تېڭىلغان ھالدا يېتىپتۇ.

ئۇنىڭ رەڭگى سارغايغان، كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېنىغا باردىم. ئۇ مىدىرلىمىدى ھەتتا نەپەس ئالغىنىمۇ بىلىنمەيتتى.

بىردەم ئۆرە تۇرۇپ سەپسېلىپ قارىدىم. پېشانىسى سول چېكىسىنىڭ تېگىدىن قوشۇپ تېڭىلغانىدى. سارغايغان بۇ چىراي پۈتۈن ھاياتىمنىڭ ھۆكۈمدارى ئىدى. مەن ئۇنى دەپ ئازاب چەككەن، ئۇنىڭدىن خۇشاللانغان، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياشىغانىدىم ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن ياشايتتىم...

مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىمنى زۇلالنىڭ كۆڭلى تۇيدى بولغاي، كۆزلىرىنى ئاچتى، ماڭا بىر ھازاغىچە كۆزىنى ئۈزمەي قارىۋالغاندىن كېيىن، تېڭىقنى تۇتۇۋالغان قولىنى ئۇزىتىپ:

— سەن ئىكەنسەنغۇ، كەل نىجات، — دېدى.

قولىنى ئالىقىنىم ئارىسىغا ئالدىم، كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ:

— مانا مەن، زۇلال! — دېدىم ئاستاغىنە.
ئۇ چىرايىمغا خىيالچان قارىدى، گەپ قىلغۇدەك دەرمانىمۇ يوق ئىدى.
— بىر ھادىسە كەلدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.
— شۇنداق! — دېدى ئۇ كىرپىكلىرىنى لەپپىدە چۇشۇرۇپ.
ئىتتىكلەپ يېغىۋاتقان يامغۇر يان تامدىكى دېرىزە ئەينەكلىرىگە تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى.
— مۇشۇ يامغۇردا كەلدىڭمۇ؟
— ھەئە، يامغۇردىن قورقاتتىممۇ؟
— قاچان ئاڭلىدىڭ؟
— بۈگۈن كۆۋرۈكتە...
— كىمدىن ئاڭلىدىڭ...
— نامىقتىن!
— ئاڭلىمىساڭ كەلمەيتتىڭمۇ؟
— زۇلال!...
كۆز ياشلىرىمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن چىشلىرىمنى چىڭ چىشلىۋالدىم. زۇلال ھالسىز قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىيلاپ، چاچلىرىمنى ئوينايتتى.
— مەن پات ئارىدا ياخشى بولۇپ كېتىمەن، قايغۇرما! بىر قارارغا كەلدىڭمۇ؟
يا «ھەئە» يا «ياق» دېيىشكە تىلىم بارمايتتى، تولغىنىپ كەتتىم.
— زۇلال، بۇ گەپنى ئەمدى ئۆرۈمەيلى... سەن ياخشى بول... ئاندىن بىر نېمە دېيىشەرمىز...
بىردەم گەپ - سۆز قىلىشماي جىم بولۇپ قالدۇق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى.
— بىر نەرسە دېسەڭ بولاتتى، نىجات! — دېدى ئۇ

توساتتىن.

يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ كەتتى.

— مەن بۇ زور بەختنى ئىچىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن، زۇلال!... — دېدىم تىترەڭگۈ ئاۋازىم بىلەن، — دەيدىغان گېپىم باشقا!

زۇلال چاچلىرىمنى بوشقىنە تارتىپ تۇرۇپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

كۆزلىرىم ئۇنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يەلكىسىگە چۈشتى.

نېپىز كۆڭلىكىنىڭ تېگىدە قاردەك ئاپئاق كۆكسىنىڭ ئۈستى قىسمى بىلەن يەلكىلىرى مانامەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن ئىختىيارسىز هالدا ياقىسىنى قايرىپ لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ ئاپئاق كۆكسىگە تەگكۈزدۈم.

......

تۇيۇقسىز هۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا نامىقنىڭ ئاۋازى گۈركىرىدى:

— هوي پەسكەشلەر!

زۇلال «ۋىيەي» دەپلا قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەلدەڭشىپ كەتتىم.

— نامىق! — دېدىم، — گېپىمگە قۇلاق سال!

نامىق ئاچچىقىدىن سۆزۈمنى چورتلا بۆلۈپ:

— مېنى هېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەمسىلەر؟ توي قىلغان بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ بۇ ئىشنى سېزىپ كېلىۋاتىمەن... — دېدى ۋە ئالدىمغا دېۋەيلەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنسىلەر، نېمىشقا ئېلىشىپ تېگىشمىدىڭلار؟ مېنى ئاراڭلارغا قىستۇرۇۋېلىشتىن نېمە پايدا ئالماقچىدىڭلار؟ — ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ يەنە شۇنداق دېدى، —

چۈنكى، تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمايدۇ - دە! شۇنداق ئەمەسمۇ ھىيلىگەر خوتۇن ھەم باي ئېرىنىڭ قولتۇقىدا ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ، ھەم ئاشىقى بىلەن كۆڭلىنى ئاچىدۇ!

— نامىق! — دېدى زۇلال ساراسىم ئىچىدە. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى كۆكىرىپ، لەۋلىرى پۈرۈلگەنىدى.

— يۈر، كېسەلنىڭ يېنىدا تۇۋلاشماي تاشقىرىدا گەپلى-شەيلى، — دېدىم مەن نامىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

ئۇ ئورنىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇراتتى.

— ياق! ··· بۇ يەردە كېسەل بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بىر ئار - نومۇس مەسىلىسى بار، ئۇنى ئېنىقلاش كېرەك!

قوللىرىمنى كۆكسۈمگە قوۋۇشتۇردۇم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ، ئاۋازىم ئۈزۈك چىقاتتى.

— قانداق ئار - نومۇس مەسىلىسى ئىكەن ئۇ؟ نېمە دېمەكچىسەن؟ — دېدىم.

— گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى، سەندىن شۇنى سورىماقچىمەن: خوتۇنۇم بىلەن كۆڭۈل ئاچىسەنمۇ يەنە نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىسەن؟ ماڭا ئادەمگەرچىلىك، ۋىجدان ئۆگىتىمەن دېگۈچە، ئائىلەمنىڭ نومۇسىغا داغ چۈشۈرگەن ئىپلاسلىقلىرىڭنى تۈزىتىۋالساڭ ياخشى بولماسمىدى؟

نامىقنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى گويا كاللامغا بازغان بىلەن ئۇرۇلغاندەك گاڭگىراپ كەتكەنىدىم. مەن ناقايىللىق بىلەن ۋارقىرىدىم:

— خوتۇنۇڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدا سەن ئويلىغاندەك ھېچ-قانداق ئالاقە يوق، نامىق!

— كىم ئىشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ جۆيلۈشلىرى نېمىنى چۈشەندۈ-رىدۇ؟ خوتۇنۇم ئاغزىدىن سېنى چۈشۈرمەيدۇ. قۇچاقلىرىڭنى، سۆيۈشلىرىڭنى، يۇلتۇزلۇق بىر كېچىنى، بەخت يۇرتىغا بارىدى-غان سامانيولىنى ئەسلەيدۇ - غۇ!

— نامىق ناھەق گەپ قىلما!... ئىككىلىمىز گۇناھكار... سۆزۈمگە قۇلاق سال!

— ھېچقانداق سۆزگە قولاق سالمايسەن! ئۆزۈن يىللىق بۇرادەرچىلىك، دوستلۇقنىڭ بۇنداق ساختىلىقىنى، ئەسلىدە سېنىڭ رەقىبىم ئىكەنلىكىڭنى نەدىن بىلەي!

ئاپاقلىرىم تۇرۇلدى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر تۇس ئالدىم:

— بولدى نامىق، ئۆكتەملىك قىلما... ھەقىقەت سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس!

نامىق يەنە ئىككى قەدەم ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ چىرايى قاردىداپ، كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەنىدى.

— ماڭا ۋىجدانىڭنى كۆرسىتىپ قوي، ئازراق پۇشايمانمۇ بولسۇن!

— پۇشايمان بولىدىغان ھېچ ئىش قىلغىنىم يوق!

— نومۇسلۇق كىشى راست گەپ قىلىدۇ!

— بۇنىڭدىنمۇ راست سۆزۈم يوق!

دېرىزە ئەينەكلىرىگە تارسىلداپ ئۇرۇلۇۋاتقان بوران - چاپقۇنغا قوشۇلۇپ، ھۇجرىنىڭ ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

— پۈتۈن گۇناھىمىز، ئۆزۈڭ كۆرگەندەك! — دېدىم كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — دۇرۇس، بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرەتتۇق، بىراق مۇھەببىتىمىز پاك پېتىچە قالغان.

نامىق ۋەھشىيلەرچە ئۆچمەنلىككە تولغان كۆزلىرىنى زۇلالغا يۆتكىدى.

— قاچاندىن بېرى مېنىڭ كۆزۈمنى بوياپ كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ زەردە بىلەن.

زۇلال لام - جىم دېمىدى. ئۇنىڭ كۆكسى ئىختىيارسىز بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. نەپرەتلىك كۆزلىرى

چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— نامىق سىنىڭ كۆزۈڭنى بويىغان يېرىم يوق! نىجات يالغان گەپ قىلمايدۇ. بۈگۈنگىچە ھېچبىر گۇناھ قىلغىنىمىز يوق! بىراق، مەنىۋى جەھەتتىن بىر - بىرىمىزگە شۇنچىلىك ئەشنا بولۇپ كەلدۇقكى... بۇنى سەن چۈشىنەلمەيسەن! پەقەت شۇنى بىلىپ قويغىن، ئەمدى سەن بىلەن ياشىيالمايمەن...

نامىق ئورنىدا تۇرالماي قالدى. ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— نېمە؟ نېمە؟! — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇم:

— زۇلالنىڭ ئاغرىقلىقىنى ئۇنتۇما! ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئانچە ئېغىر ئالما! مەن كېتىمەن... قايتىپ كەلمەسكە كېتىمەن.

زۇلال ماڭا قوللىرىنى ئۇزىتىپ:

— ياق، ياق!... — دەپ يىغلاشقا باشلىدى.

زۇلالنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى، سۆزىنى تۈگەتمەيلا بېشىنى ياستۇققا قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، ئاخىر:

— ئايال كىشىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق زۇلۇم قىلىش گۇناھ! — دەپ ۋارقىرىدىم بىردىنلا، — سەن ئۇنىڭغا لايىق ئەر ئەمەسسەن!... مەن كېتىش قارارىمدىن ياندىم. كەتمەيمەن... زۇلالنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەتمەيمەن!

نامىقنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇنچلۇق ئوت چاقنىدى. ئۇ قولىنى ئىتتىك شىمىنىڭ يانچۇقىغا ئاپىرىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى - دە:

— شۇنداقمۇ؟! قېنى بەختلىك قىلىپ باق! — دېدى.

شۇ ئان كۆز ئالدىمدا چاقماق چاققاندەك يالت - يۇلت قىلىپ ئوت چاقناپ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز بىلەن تەڭلا، مۈرەمدە قاتتىق بىر ئاغرىقنى تۇيدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ئۆي پىر-

قىرىغاندەك بولدى.

## 21

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزۈمنى تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان يورۇق بىر ھۇجرىدا كۆردۈم. كۆكسۈم چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتاتتى، كاللاممۇ ئىشلىمەيتتى. ۋۇجۇدۇم قاتتىق ھارارەت ئىچىدە قالغاندەك، گاھ ئاق چاچلىق دوختۇرنىڭ تومۇرۇمنى تۇتقانلىقىنى، گاھ سولغۇن چىراي سېستىرانىڭ ئەتراپىمدا يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالاتتىم.

شۇ كۈنلەردە ئىككى نەپەر ھۆكۈمەت خادىمى كېلىپ مەندىن بەزى ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئىشارەت بىلەن جاۋاب بەردىم. يەنە شۇكران بىلەن ئېرىنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگىنىمۇ غۇۋا ئېسىمدە.

گويا ئۇلار مېنى تامامەن ئۇنتۇپ قالغاندەك داچىدىن يا بىر خەۋەر، يا كەلگەن كىشى يوق ئىدى. بىر نەچچە قېتىم يېنىمدىكىلەردىن سوراشقا تەمشىلىپ، يەنە يالتىيىپ قالدىم.

دوختۇر سالامەتلىكىم ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى:

— ئوق سول مۈرىڭىزگە تېگىپتۇ... ئۇنى كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتتۇق... ئۆزىڭىز ساغلام بولغاچقا يوقاتقان قاننى ئۆزۈڭىزغا قالماي تولۇقلاپ كېتىسىز! بىر ئايغا قالماي سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشىڭىزدە گەپ يوق...

دائىم بىر يېنىمنى بېسىپ يېتىشقا مەجبۇر ئىدىم، يارام كېچىلىرى شۇنداق قاتتىق ئاغرىيتتىكى، زادى ئۇخلىيالمايتتىم. بۇ قانىتىق ئازاب قايسى ياردىن كېلىۋاتقاندۇ! ئىچىم شۇنچىلىك ئاغرىپ، شۇنداق قاتتىق ئىچىشاتتىكى، قويۇۋېرىڭ!...

سەۋر - تاقىتىم تۈگىدى. بىر كۈنى يارامنى تېڭىۋاتقان دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنى زادى ئىزدىگەن، سورىغان بىرەرى بوقمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

دوختۇر چىرايىمغا قاراپ قويۇپ، تەبەسسۇم بىلەن:

— ھەر كۈنى ھامىمىڭىز نامىدا بىر خانىم تېلېفون بېرىپ سالامەتلىكىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى.

ئىچىمدىكى قاراڭغۇلۇق يورۇپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، چىرايىمغىمۇ شۇئان قان يۈگۈردى.

دوختۇرخانىغا كىرگىنىمگە دەل ئون كۈن بولغانىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېسەلخانىدا مېڭىپ يۈرەلىگۈدەك بولدۇم.

كۈنلەر مەنىسىز ئۆتۈۋاتاتتى. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئىككى دوستۇمدىن باشقا يوقلاپ كەلگۈچىلەر بولمىدى.

مەن ياتقان كېسەل ئۆي بىر كىشىلىك بولۇپ، ئازادە تۇرۇۋاتاتتىم، دوختۇرلارمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ داۋالاۋاتاتتى.

بىراق كۆڭلۈمدە بىر غەشلىك بار ئىدى. زۇلال نېمە ئۈچۈن بۈگۈنگىچە بىر قېتىممۇ كەلمەيدۇ؟ ھېچبولمىغاندا خەت بىلەن بولسىمۇ ھال سورىشى كېرەك ئىدىغۇ؟... شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغان بۇ سۈكۈتنىڭ مەنىسى نېمىدۇ؟

ھامامغا خەت ئەۋەتىپ ئەندىشىلىرىمنى ئۇقتۇردۇم. ناھايىتى تېزلا مۇنداق جاۋاب كەلدى:

«زۇلال تېخىچە ئېسىگە كېلەلمىدى. مەندىنمۇ رەنجىمە ئوغلۇم... بارالمايمەن... چۈنكى بىلمىنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ قالدى... ئەندىشە قىلغۇدەك بىرەر ئەھۋال يوق... ھەممىمىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز! ... سېنىڭ پات ئارىدا ياخشى بولۇپ ئارىمىزغا قايتىپ كېلىشىڭنى خۇدادىن تىلەيمەن. كۆزلىرىڭدىن سۆيىمەن...»

چۈشلىرىم بۇزۇق ئىدى. نامىقنى چاچلىرى پاقپايغان، ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا تەڭلەپ تۇرغان ھالدا، زۇلالنى بولسا قىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ھالدا كۆرەتتىم. بىر نەچچە قېتىم

جۆيلۇپ ۋارقىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بۇنىڭ بىلەن، بىر نەچچە قېتىم يارام زەخمىلىنىپ قاناپمۇ كەتتى.

ئېھ!... بۇ قارا كۈنلەر ۋە بۇ ئەجەل ئىسكەنجىسى قاچان ئاياغلىشىدۇ. مەن قاچانمۇ ئەركىن نەپەس ئالىمەن؟

بىر ئەتىگەنلىكى سېستىرا بىر پارچە مەكتۇپ ئەكىرىپ بەردى. پۈچۈركىسىنى تونۇيالمىدىم، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كونۋېرتنى يىرتتىم. «دىدار» ئىمزاسى قويۇلغانىدى.

كۆز ئالدىمدا ھېلىقى غەلىتە قىز گەۋدىلەندى. مەن دەرھال قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم: ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىمغا قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ شىپا تىلەپتۇ، كونا دوستلۇقىمىزنى ھېچقاچان ئۇنتۇماپتۇ، ئەسەرلىرىمنى بىرنى قويماي ئوقۇپ چىقىپتۇ، كېچە - كۈندۈز ھەيرانە بولۇپ يۈرۈپتۇ.

بىراق، مەكتۇپنىڭ ئاخىرقى قىسمى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك بولدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

«... پاجىئەدىن كېيىن كۆڭۈل سوراپ ساھىلغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم... بىچارە زۇلال!... خۇدا باشقا ئازابلاردىن ساقلىسۇن!... سىزگىمۇ غەيرەت ۋە سەۋر تىلەيمەن...»

يۈزىمنى قوللىرىم بىلەن توسىۋالدىم، گويا شۇئان بېشىمغا ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى. باشلىرىم گاڭگىراپ، بەدىنىم كۈيۈشۈپ تۇرغان يېرىمگە يىقىلدىم.

قانچىلىك ۋاقىت ھوشسىز ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. ئېسىمگە كەلگىنىمدە دوختۇر بىلەن ھەمشىرىلەر بېشىمدا تولىشىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم.

— سىز بەك ھاياجانلانماسلىقىڭىز كېرەك. نېمە ئىش بولدى؟ سىزگە نېمە تەسىر قىلدى؟ — دېدى دوختۇر.

جاۋاب بەرمىگەنىدىم، دوختۇر ئېڭىشىپ چاچلىرىمنى سىيىلاپ تۇرۇپ:

— يارىڭىز ئېچىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى.
مۇرەم ئېچىشىپ كۆيگەندەك ئاغرىۋاتاتتى. ئىچىمنى چىدى-غۇسىز بىر ئازاب ئۆرتەيتتى.
بېشىمنى يان تەرەپكە بۇراپ دېرىزىدىن يىراقلارغا قارىۋال-سامۇ كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرالمىدىم، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلى-دىم.
دوختۇر ھەمشىرىلەرنى شەرەت بىلەن چىقىرىۋېتىپ يېنىمدا ئولتۇردى ۋە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن:
— سىزنى مەيۈسلەندۈرگەن سەۋەب نېمە بولسا بولسۇن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز ھاياتىڭىزنى، سالامەتلىكىڭىزنى ئويلىشى-ڭىز لازىم، ئوغلۇم، — دېدى.
ئىچىم سېيرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەي خۇدا! زۇلالدىن ئەبە-دىي جۇدا بولۇش، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈگە كۆز يۇمۇشى مۇمكىنمۇ؟... پۈتۈن دەرد - ئەلەم، پۈتۈن يۇقسۇزچىلىق ۋە پۈتۈن ئازابلارغا ئۇنى بۇ دۇنيادا ھايات دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىپ كەلگەنىدىم. ئۇنىڭ نەپىسى توختىغان ۋە قارا تۇپراققا ئايلانغان بولسا، ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى؟!
بىر پەستىن كېيىن دوختۇر يەنە بېشىمنى سىيلاپ:
— ھاممىڭىزغا ئېيتىدىغان سۆزىڭىز بولسا تېلېفون بې-رەيلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ماڭا باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس... بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىشىم كېرەك! — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ.
ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— بولىدۇ، — دېدى.
داچىغا قايتىشقا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئالدىرايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن! كۆز ياشلىرىمنى ھاممامنىڭ شەپقەتلىك قەلبى توخ-تىتالامدۇ؟
ئۇلار مېنى ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ

قويدى.

سىنتەبىرنىڭ ئوچۇق هاۋالىق بىر كۈنى ئۆتۈپ كېتىۋاتات-تى: دالىلار سۆسۈن رەڭ ئېلىپ، تاغلار ئالا كۆلەڭگە بولۇپ قالغانىدى.

بۈيۈكدەرەگە نو بېشى يولى بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، ئىككى قاسىنقى دەرەخزارلىق تاش يول كۆمۈش رەڭ بەلۋاغدەك سوزۇل-غانىدى.

ئىچىمدە تۈگىمەس - پۈتمەس ھەسرەت يالقۇنلىرى ياناتتى. ئەلەرگە، نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

بېشىمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ كۆزلىرىمنى يۇمدۇم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قان يىغلاتتى. ئەي خۇدا! ... قانداق چىدايمەن! بۇ دۇنيادا قانداق ياشايمەن! ...

تاكسىنىڭ توختىغىنىنى سېزىپ كۆزلىرىمنى ئاچتىم. سا-ھىلدىكى داچىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتۇق. قاراڭغۇ چۈشۈپ كوچا چىراغلىرى يانغانىدى.

شوپۇر مېنى قولتۇقلاپ ئۆينىڭ ئىشىكىگىچە ئاپىرىپ قوي-دى.

ھامامىنىڭ ھۇجرىسىدا چىراغ يېنىقلىق ئىدى. ئاشخانىدا ئەسۋەد قالفانىڭ مۈشۈكنى «پوش، پوش» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدىم.

ئاستا ئۆيگە كىرىپ قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتتۈم، ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى.

ھامامىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرمەكچى بولۇپ يەنە يالتىيىپ قالدىم. پەلەمپەيدىن چىقىپ زۇلالنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە قارىماي ئۆز ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم.

ئۇدۇل دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى سافادا ئولتۇر-دۇم. گېلىمنى بىر نەرسە سىقىۋالغاندەك بىئارام بولاتتىم، يۈرە-كىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى.

دېمەك، مەن بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزۈمگە - ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ تەنها تۇراتتىم! دېڭىز، ئاسمان، قىرغاقلارمۇ قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە ئىدى. يەر يۈزىمۇ گويا مېنىڭ كۆڭلۈمدەك قاپقاراڭغۇ تۈن ئىلكىگە چۆمگەنىدى.

تەبىئەتنىڭ قانۇنىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. پاتقان قۇياشنى كەينىگە ياندۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس!

ناقايىللىق بىلەن مۇشتلىرىمنى تۈگدۈم:

— ئەي خۇدا! نېمىشقا ئۇنى ماڭا ئارتۇق كۆرگەنسەن؟... — دەپ ئۆكسۈپ يىغلىدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي دالاندا ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى ھۇجرامغا يېقىنلاشتى.

بۇ جەزمەن ھامىمامنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىدى... ئاۋازىمنى توختاتتىم، نېمىشقىدۇر، كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمايتتىم.

ئاياغ تىۋىشى تېخىمۇ يېقىنلاپ كەينىمدە توختىدى. مۈرەمگە يۇمشاق بىر قول تېگىپ:

نىجات! — دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى، چۈنكى بۇ زۇلالنىڭ ئاۋازى ئىدى.

بىردىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ كەينىمگە قارىدىم، راست زۇلال ئىكەن! ئۇ ئۇزۇن كېچىلىك كىيىم بىلەن ئالدىمدا تۇراتتى!

مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

— نىجات! قاچان كەلدىڭ؟ ياخشى بوپقالدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا قولۇمنى تۇتۇپ.

ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە خۇشال بولۇپ كەتتىم.

— ئاھ زۇلال!... ھايات ئىكەنسەنغۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتىم ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى قىتىپ قالغاندەك تۇرسىمۇ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، نىجات! ساڭا مېنى هايات ئە-مەس دەپ كىم ئېيتتى؟
— يائاللا! ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ، — دەپ ۋارقىرى-ۋەتتىم.
ئۆزۈمنى سەل تۇتۇۋالغاندىم. هاياجىنىمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلدىم.
ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دېدى:
— توغرا، ئائىلىمىزدە بىر ئۆلۈم بولدى... بىراق كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مەن هايات!
— ئۆلگەن كىم؟
— نامىق!
ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم. بىر قولۇم بىلەن ئاغرىۋاتقان مۈرەمنى تۇتۇۋېلىپ:
— چاقىچاق قىلىۋاتىسەن! مېنى جەزمەن ئالداۋاتىد-سەن! — دېدىم.
— بىچارە نىجاتىم! نېمانچە هەيران بولىسەن؟ ئۆزۈڭنى سەل بېسىۋالغىن!
زۇلال بۇ سۆزلەرنى ئارانلا ئېيتتى. ئۇ ئىنتايىن هالسىز ئىدى.
ئۇنىڭ مۈرىلىرىگە قولۇمنى قويۇپ:
— كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرمىسەڭ، هېچنەرسىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، زۇ-لال! — دېدىم.
ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
— بولىدۇ ئەمىسە، ئاڭلا، — دەپ سۆز باشلىدى. —

سىنى ئاتقان ۋاقىتتا مەن ھوشۇمدىن كەتكەنىدىم. دەل بىر ھەپ-تىدىن كېيىن ئېسىمگە كەلدىم. دوختۇر مېنىڭ شوك بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتى. مېنى قۇتقۇزۇۋالغان دوختۇر مۆجىزە يارىتىپتۇدەك. نامىقنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خەۋەر تاپتىم: ئۇ-نىڭ ئۆزىدە يۈرەك ئاجىزلىقى بار ئىدى... كىچىككىنە ھاياجاننىمۇ كۆتۈرەلمەيتتى. ئۆزىنى ئاسراپ، داۋالىنىش بىلەنلا ئۆرە يۈرەتتى. ئۇ كۈنكى ۋەقەدىن كېيىن تۇرغان يېرىدىلا يىقىلىپ قاپتۇ... ئاپام ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرسە، سىنى يارىلانغان، مېنى ھوشسىز، ئۇنى ئۆلۈك ياتقان ھالەتتە كۆرۈپتۇ! — زۇلال سەل تورۇۋېلىپ ئۆلۈغ - كىچىك تىنغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ساقچىلار تەكشۈردى... ھەممىيلەن سوراق قىلىندۇق... ئاھ، نىجات! قانچىلىك قاتتىق ۋىجدان ئازابى چەككىنىمنى بىلمەيسەن! ئۆزۈمنى بۇ پاجىئەنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ قارايمەن! نامىق ياخشى ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى... ئۇنىڭغا مەن ياردەم قىلالمىدىم!

— ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت زۇلال!

زۇلالنى بۇ چىگىش خىياللاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدىم:

— نېمە ئۈچۈن مەندىن شۇنچە يۈز ئۆرۈدۈڭ؟

— نېمە؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بىر پارچە خەت بىلەن بولسىمۇ ھالىمنى سوراپ، ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويساڭ بولماسمىدى؟

زۇلالنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىغا كۆڭۈلسىز نەزەرىم بىلەن ئۆزۈندىن - ئۆزۈن قارىدىم. كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنى ئۇ تامامەن چۈشەندى بولغاي، بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ:

— خاپا بولما! — دېدى يالۋۇرۇپ، — كېيىندىن

ھالىم خاراب ئىدى!
ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى. باش - كۆزىنى سىيلىغىنىمدا قوللىرىم ئىسسىق نەمگە تەگكەندەك بولدى. بىردىن بېشىنى ئالىقىنىم ئارىسىغا ئېلىپ باغرىمغا باستىم.
— بۇ بەخت يىغىسى، شۇنداقمۇ زۇلال؟ — دېدىم.
ئۇ جاۋاب قايتۇرماي، بوينۇمغا گىرە سالغىنىچە بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.
يارامىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقىنىنىمۇ تۇيمىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بەخت خۇشاللىقى بىلەن مەستانە ئىدى، روھىي دۇنيايىم ئەڭ پاك ۋە ئالىيجاناب ھېسسىياتلارغا چۆمگەنىدى. ئۇھ! يىللار بويى چەككەن دەردئەلەم ئەمدى ئاياغلاشتى! كۆكسۈمدىكى ئىسسىق باش زۇلالنىڭ ئىدى! ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ بولۇپ قالاتتى.
يۈزۈمنى زۇلالنىڭ چاچلىرىغا سۈركىدىم، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم.
«پۈتۈن ھەسرەتلىرىم تۈگىدى!» دېدىم ئىچىمدە.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆكسىدىن ھاياجانلىق بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلدى:
— ئاھ نىجات! ... مېنىڭ سۆيۈملۈك نىجاتىم!
ئىككىلىمىز بەخت مەستانىلىقى ئىچىدە ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغاندەك مىدىرلىماي جىمجىت تۇرۇپ، قەلبىمىزنىڭ ئاتەشلىرىنى تىڭشايتتۇق.
شۇ ئەسنادا، دېرىزىنىڭ ئالدىدىكى ياڭاق كۆچىتىنىڭ شېخىدا قانات قېقىۋاتقان كىچە قۇشىنىڭ ئاۋازىنى سېزىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم، سىرتتا سېنتەبىرنىڭ سۇپسۈزۈك ئايدىڭ كېچىسى باشلانغانىدى. سەل ئىلگىرى قاپقاراڭغۇ كۆرۈنگەن قىرغاقلار كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭگارەڭ چىراغلىرى بىلەن بايرام كېچىسىنى ئەسلىتەتتى. كۆپكۆك ئاسمان سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. زۇلالنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدىم.

— قارىغىنا، سامانىيولى، بۇ كېچە نېمىدېگەن ئايدىڭ!
زۇلال بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى. بەخت بىزگە شۇن-
داق ئېسىل قاناتلارنى بەردىكى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز!
ئورمانلىق كەچقۇرۇننىڭ گىرىمسەن رەڭگىگە پۈركەنگەن-
دى. سالاھ نىجاتنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا قايتۇ-
رۇپ بەرگەچ، ياش ئالغان كۆزلىرىنى ئۆزىگە چوڭقۇر غەمخور-
لۇق ۋە شەپقەت بىلەن قاراپ تۇرغان قارا كۆزلەرگە تىكىپ:
— مېنى ئىستىقبال ۋە بەختكە ئېرىشتۇردىڭىز، نىجات
بەگ ئەپەندى، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمەن! —
دېدى.
نىجات بالىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى-
دىمۇ ياشلار ئەگىمەكتە ئىدى.
— دېمەك ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىكەن-
سەن، ئۆزۈمنى ياخشى ئىش قىلدىم، دەپ بەختلىك ھېس قىلى-
مەن! — دېدى ئۇ ۋە كۈلۈپ كەتتى.
— ئەتە كەچتە سېنى ساھىلدىكى داچىغا تەكلىپ قىلىمەن!
زۇلال ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ كۈتۈۋالىدۇ، سامانىيولىغا
يېتىشنىڭ سىرىنىمۇ ساڭا سۆزلەپ بېرىدۇ!...

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMDA3MjcuemIw",
"filename_decoded": "40300727.zip",
"filesize": 9786340,
"md5": "cf46bc0c973ceda40c5ee33460f3f2ca",
"header_md5": "2edcf5eb8dc01f9f85ba1fc35140d195",
"sha1": "846d29ac4d90f27e8330590544d36339a1714542",
"sha256": "89b9467a9a99bf9a285285676ff0de800148fe4e785a6ac4269713693c57b813",
"crc32": 243230326,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 10086151,
"pdg_dir_name": "\u2565\u00b0\u2551\u2559 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40300727",
"pdg_main_pages_found": 203,
"pdg_main_pages_max": 203,
"total_pages": 209,
"total_pixels": 777064192,
"pdf_generation_missing_pages": false
}